ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

ئوسمانجان ساۋۇت

# زېمىن قەسىدىسى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى ...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر **ئاچىل**

لۇتپۇللا مۇتەللىپ **يىللارغا جاۋاب**

نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامىي **ئالدىدا**

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر **ئۆمۈر مەنزىللىرى**

تېيىپجان ئېلىيېۋ **تۇگىمەس ناخشا**

مۇھەممەد رەھىم **جان تەسەددۇق**

مۇھەممەتجان راشىدىن **ئانا تاغلار**

بوغدا ئابدۇللا **قەدىمىي يارغولدا كەچ كۆز**

روزى سايىت **ئانا تىلىم — زەر تىلىم**

ئوسمانجان ساۋۇت **زېمىن قەسىدىسى**

ISBN 978-7-228-11692-8
9 787228 116928 >
定价：14.00 元

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

ئوسمانجان ساۋۇت

# زېمىن قەسىدىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


图书在版编目(CIP)数据

大地之颂：维吾尔文/吾斯曼江·沙吾提编. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.6（2009.2 重印）
ISBN 978—7—228—11692—8

Ⅰ.大… Ⅱ.吾… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.Ⅰ227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 081053 号

作　　者　吾斯曼江·沙吾提
责任编辑　孜来哈·艾则孜
责任校对　古丽夏尔·尼格买提
特约校对　亚生·扎依莫夫
封面设计　艾克拜尔·沙力
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　0991—2827472
邮政编码　830001
印　　刷　新疆新华印刷二厂
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　4.875
插　　页　4
版　　次　2008 年 7 月第 1 版
印　　次　2009 年 2 月第 2 次印刷
印　　数　5001—8000 册
定　　价　14.00 元

# نەشر بياتتىن

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت 1945 ـ يىلى 26ـ ئۆكتەبىر ماناس نا-
ھىيىسىدىكى بىر موزدۇز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1961 ـ يىلى سا-
ۋەن ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇ-
نىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1966 ـ يىلى
ئوقۇش پۈتتۈرگەن. 1968 ـ يىلىغا كەلگەندە، قومۇل ۋىلايىتىگە خىز-
مەتكە تەقسىم قىلىنىپ، قومۇلنىڭ لىۋ شۇچۈەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا
ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1974 ـ يىلى ساۋەن ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ كەل-
گەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ناھىيىلىك 1ـ ئوتتۇرا مەكتەپ،
2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ساۋەن ناھىيىلىك پېداگو-
گىكا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1981 ـ يە-
لى بېيجىڭدىكى لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1986 ـ يىلى
7ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئاۋۋال «كۆۋرۈك» ژۇرنىلىدا، كېيىن
«تارىم» ژۇرنىلىدا مۇھەررىرلىك قىلغان.

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئىجادىيىتى 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ياز-
غان «ياڭرا، ئەجرىم» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. ھازىرغىچە ئۇ
ملڭ پارچىدىن كۆپرەك شېئىر يازدى. «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە
سۆيگۈ»، «تاڭ لىرىكىلىرى»، «تەڭرىتاغ شاماللىرى»، «تۈن تىۋىشلە-
رى»، «تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش»، «گۈللەر سۆزلەيدۇ» ناملىق ئالتە
پارچە توپلىمى نەشر قىلىندى.

ئوسمانجان ساۋۇت ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك

www.uyghurkitap.com

خزمەتلەرنى ئىشلىدى . ئۇ ھازىرغىچە «كۈلگۈلۈكمۇ، يىغلىغۇلۇقمۇ»،
«مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت» قاتارلىق خەنزۇ ۋە قازاق تىلىدىكى بىر نەچچە
رومانىنى، سىرگىي يېسىنىن، ئاباي قاتارلىق چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ يۈز
نەچچە پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرىنى، شۇنداقلا ئەدەبىي ـ سەنئەت نە-
زەرىيىسىگە ئائىت ماقالە ـ ئوبزورلاردىن نەچچە ئون پارچىنى ئۇيغۇر تى-
لىغا تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى .

بۇ توپلامغا شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە
بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى .

# مۇندەرىجە


نۇرپەنىڭ كۆزى ........ 1
گۈللەر سۆزلەيدۇ ........ 5
ئۇۋا ........ 8
ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق ........ 10
يېڭى يىل، يېڭى روھ، قۇتتىن سەپ قۇرار ........ 13
ئايرىلىش ........ 16
ئالمىدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ ........ 18
توزان قەسىدىسى ........ 19
ئاق قېيىن ........ 21
تاڭ لىرىكىلىرى ........ 22
ساۋاقداشلىرىمغا ........ 26
تال - تال چاچلىرىڭ تاڭ نۇرى، ئانا ........ 27
چېچەمدىكى بىر تال ئاق ........ 29
كۆكلەم ........ 33
قەشقەر كۈيلىرى ........ 35
نۇردەك ياشاپ، نۇردەك ئۆتتىڭىز ........ 46
سەپەر كۈيلىرى ........ 48
كەل، شائىرە ........ 66
ئارمانلىق دەملەردىن ئالدىم بىر نەپەس ........ 68
ئارچا شاخلىرىنى كېلمەن سۆرەپ ........ 70
ئىدىقۇت ........ 72

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆزۈم ئۈچۈن ئۆزۈم پۈتكەن دۇئالار ........................ 75
تۈن تىۋىشلىرى ................................. 79
زوردۇن سابىرغا مەرسىيە ........................... 96
يېڭى يىل ئىلھاملىرى ............................ 99
قۇياشنىڭ باغرىغا سىڭىپ كېتىمىز ..................... 103
تولۇن ئاينىڭ يۈزىدە .............................. 107
ئەقىدە ........................................... 110
كۆيگەن جان ......................................... 112
ھايات، سۆيگۈ، تەبىئەت، تۇپراق ....................... 114
ئۆكۈنۈش ........................................... 119
دىلبىرىم، بار ئىدى قوينۇڭدا ئاخشام ....................... 122
كەل، شائىرە ........................................ 124
قىيا تاشتىكى سۈرەتلەر .............................. 126
جەننەت كۆڭۈل دىلدارىم، باشلا مېنى جەننەتكە ................ 128
ئانا تىل .............................................. 131
تاغ ناخشىلىرى ........................................ 133
ئاشۇ سەھرا، ئاشۇ بۇلاق، ئاشۇ تولۇن ئاي ....................... 137
ساۋاقداش ............................................ 139
قىزغىنىش ............................................ 142
كۈتۈش ................................................. 144
21 ـ ئەسىر بىلەن سۆزلىشىش ................................ 146
تەشۋىش ................................................ 148
سېغىنىش ............................................... 149

# نۇرپەنىڭ كۆزى

1

زۇلمەتنى يورۇتقان سېنىڭ كۆزلىرىڭ ،
تىنىقلىق جېنىمغا قوشۇپ تۇرغان جان .
ناخشىغا ئايلانغان دېگەن سۆزلىرىڭ،
بارلىقىڭ قايناتقان تومۇرلاردا قان .
شال ئىدى ھۆرلەرگە ئۆرگەن بۆزلىرىڭ،
نۇر يولى ئىدىڭ سەن تەڭرى بەرگەن يان .

2

ھەر قەۋەت ئالەمدىن تاللىغىنىم سەن،
مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ يوق بۇڭا نالەم .
ئىزىڭدىن ئۆيۈمدە ئۈندى مىڭ گۈلشەن،
مىليونچە قەۋەتتۇر بىزنىڭ بۇ ئالەم .
ھەر قەۋەت بېشىدا كۈمۈشتەك كۈلكەڭ،
ئەقلىم لال ھەمىشە، ھەمىشە لالەم .

3

ئاسماننىڭ رەڭگىدە كىيىپ يېشىل تون،
سىز سەن بوشلۇققا يېشىل چەمبىرەك .

ۋىسالغا ئالدىراپ، دېدىم باشقا قون،
يۇلتۇزلار قىزىسەن شۇتاپ يەكمۇ يەك .
يارىنى كۆرگەنىنىڭ تەلەيلىرى ئۇلۇك،
چۈش ۋەسلى پاكىزدۇر ئوڭمىزدىن بەك .

4

گۈللەرنىڭ بەرگىدە قارىچۇقۇڭ قاراپ ،
ئىپار ۋە رەڭلەرگە بېرىدۇ باھا .
لەۋلىرىڭ لىۋىمگە تامچىتار شاراب،
مىڭ ياشقا كىرىدۇ چوقۇم بۇ ۋاپا .
تەنلىرىڭ تېنىمگە كېتىشكەن تاراپ،
سەن باردا ئالەمدە بولمايدۇ جاپا .

5

تاملاردىن دەم ئۇرۇپ مارايدۇ كىيىك،
تونۇدۇم كۆزلەرنى، چاچرايدۇ شولا .
يەنە كۆي باشلايمەن كەتتى دىل ئىيىپ
ئالتۇندىن، كۈمۈشتىن پۈتۈلدى جۇلا .
كېلىسەن بىر كۈنى قۇيۇن تون كىيىپ،
مىنگىنىڭ ئارغىماق ئالا يا قۇلا ...

6

بۇلاقلار كۆرسەتتى سۈزۈك بىر سۈرەت،
قارىچۇققا گۈللەردەك سۆزلەيدۇ چىراغ .
قىسسىلەر يالقۇنلۇق، بايان رەتمۇ رەت،
ھەسرەتتەك ئۆكسىتەر جىنىمنى پىراق،

ماڭلايغا ئويۇپتۇ سېنى بۇ قىسمەت،
ھېچكىممۇ ئۇنىڭدىن قاچالماس يىراق .

7

دەرەخلەر ئۇچىدا يۇلتۇز چاراقلاپ،
سىنچىلاپ، زىغىرلاپ باقار قەدەمگە .
قايناپدۇ تۇيغۇلار ياغدەك ۋاراقلاپ،
دەرىجە تۆت خانە ... ئەلا رەقەمدە .
كېلىمەن مەنزىلدە، ئاھ، دەپ ياياقلاپ،
جۇل بىلەن تۇل دېگەن ئالىي لەقەمدە .

8

ھاۋادا جېنىمىز بىر تىنىق ئۆزرە،
تونۇدۇم چېقىنلار ئاشۇ بىر قاراق .
ئەس ـ يادىڭ قولۇمغا تۇتقۇزدى گۆززە،
بىر باقساڭ يىگىتمەن بىر ئەسىر ياراق .
كۆڭلۈمدە بار مېنىڭ تاغلاردەك ئۆزرە،
ياشىدىم سېنىڭسىز... باغرىمدا تاراق ...

9

تاڭلارغا قادالدىم، تاڭلارمۇ ماڭا
قادالدى سەندىكى قاراشلار بىلەن .
ھەنىنۋا ھەسرەتنى سۆزلەيمەن ساڭا،
تاڭلاردەك دىلدار يوق، تاڭلاردەك لېۋەن .
ئوخشاپلا كېتسەن ئەجەبمۇ ئاڭا
تاڭ باردا كېچىلەر مەڭگۈلۈك ئېۋەن .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 10

ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ سەن بوپ قارايسەن،
نەلەرگە كەتتىكىن ئۇلارنىڭ ئۆزى.
شەپەقتە گۈلخان سەن، گۈلدە ئاراي سەن،
مېنىڭ – مەس بۇ چوقۇم قۇدرەتنىڭ سۆزى.
ئالەمدە مىليون كۆز ... كۆزلەر يارايسەن،
بۇ كۆزلەر ماڭا تەن دىلدارنىڭ كۆزى.

2003 ـ يىل 4 ـ مارت، ئۈرۈمچى

# گۈللەر سۆزلەيدۇ

بىر ئاسمان، بىر زېمىن ئالەم ئىچىدە ،
جەۋھەرلەر سۆزلەيدۇ گۈللەرنىڭ تىلى .
ئۈز رەڭلەر چاقنايدۇ كۈندۈز ـ كېچىدە،
رەڭلەردىن يايرايدۇ ئادەملەر دىلى .
تۈگىمەس مەرغۇللار مەڭگۈ ئەۋجىدە،
تىنماستىن تىترەيدۇ خۇشتارلار قىلى .

«مۇھەببەت، يورۇقلۇق، بەخت ۋە ۋاپا»،
بۇ تۆت سۆز بۇ تىلدا سۆرەيدۇ سالماق .
يوق ئۇندا رەزىللىك، جەبىر ۋە جاپا،
يەلمايە، تۇلپارنىڭ پۇتىدىن چالماق .
دانىشىم، بىلگەيسەن، گۈللەردە ساپا،
ھاجەتسىز تاپالماي، تارىقىش، تالماق .

دېڭىزنىڭ بويىدا، يىراق بىر يۇرتتا ،
سۆزلەشتىم بۇ تىلدا بىر نېگىر بىلەن .
يۈرەكلەر تۇتاشتى، دىل تولدى قۇتقا،
چۈشىنىش تۇيغۇسى نەقەدەر لېۋەن !
گۈللەرنى ئالقىدۇق، لەت يوللاپ جۇتقا،
ياراشقان يارىلىش، يوق قىلچە ئېۋەن .

ئەرشتىن چۈشتىمۇ؟ پەيدادۇر جېكسۇن،
گوياكى ئاۋۇشار تەلۋە باخشىلار .

بۇنداقتا ھەر كىشى بىلگەننى ئېيتسۇن،
ياڭرىسۇن قۇترىغان غالجىر ناخشىلار .
مەنىلەر تېگىگە ھەربىر باش يەتسۇن،
نىقابىنىڭ ئىچىدە ئىكەن ياخشىلار .

*　　　*

قىيادا قارغالداق كۈلۈپ تۇرىدۇ،
ئاق ماھۇق بۇلۇتقا پۈركۈپ تەبەسسۇم .
باغرىدا يۈرىكىم ئۇرۇپ تۇرىدۇ،
دۈردۈن بوپ ئۈزايدۇ بۇندا ھەر بىر زۇم .
قارىشىمدا ھېلىن قىز يورۇپ تۇرىدۇ،
گۈللەرنىڭ تىلىدا سۆزلەشتۇق چوقۇم .

ھېيىننىڭ[1] كۆيلىرى تۇتتى كۆكسۈمنى،
چوققىدىن چوققىغا ھايالسىز ئۆتتۈم .
دۈبلىندا يۈرىدىم قارا كۆركۈمنى ،
نەۋائىي پەيزىنى دىللارغا تۆكتۈم .
ئېيتتىما، مۇقامدىن نەچچە تۈركۈمنى،
ئۇيغۇن ۋە ئۇيقاشلىق بەھرىگە چۆكتۈم .

قارا كۆز، كۆك كۆزلەر چاناقلار ئارا
بىر ـ بىرىن پۈراشتى تاپتى داۋالىق .
بۇ تىلماچ، ئاجايىپ گۈللەرگە قارا،
يول تۈزەپ ياتىدۇ قۇزدا خاۋالىق .
«جانەي»نى مەز بولۇپ توۋلايدۇ دارا،
تىلسىمات چوققىلار زەپمۇ ھاۋالىق .

كاتيۇشا ئىككىمىز ئىدىقۇتتا بىز،
ئانارگۈل ئالدىدا توختىدۇق بىرپەس .

سۆل تۆككەن بەرگىلەر ئەجەبمۇ خۇنرىز،
كۆركلەر ئىچىدە، ئاھ، يوقاتتۇق ئەس.
گۈل ئاغزى ئېچىلدى،
لەۋلىرى قىرمىز،
مۇڭداشتۇق ۋۇجۇدتا ھاياجان پەۋەس.

چىمەنلىك دون بويى، ئاپتاپپەرەسلەر،
قايناتتى چاۋارتىپ تەندە قېنىمنى.
«موسكۋا ئاخشىمى» ئاڭنى كەس ـ كەسلەر،
«پارسىنىڭ كۈيلىرى»[2] يېدى جېنىمنى.
ئەۋجىگەن تۈيغۇلار قاچانمۇ پەسلەر؟
كاتيۇشا!
نەرىمگە سالدىڭ ئېنىگنى؟

ئاھ، ئەجەب خىسلەتلىك گۈللەرنىڭ تىلى،
ھەنئۇا قۇلۇپنى مۇدرىمەي ئاچقان.
قۇلۇپسىز يايرايدۇ يارەنلەر دىلى،
تاغلارغا، تاغلارغا ئىپارلار چاچقان.
يىلىمىز ھەمىشە بولسۇن گۈل يىلى،
كۆلپەتلەر كۆللەردەك توزۇغان،
قاچقان!

2002 ـ يىلى ئىيۇل، ئۈرۈمچى

① سىماس ھېينى ـــ ئىرلاندىيە شائىرى، نوبېل مۇكاپاتىنىڭ ئىگىدارى.
② مەشھۇر رۇس شائىرى سېرگېي يېسېنىننىڭ داڭلىق شېئىرىي تۈركۈمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈۋا

سۆگەكلەردىن پۈتكەن تۆت تامغا
ئاپتاپ تۆكەر تومۇردىكى قان .
يۈرەك ماگغال سوغۇق ئۈۋاگغا،
كۆيۈپ تۇرار ئۇندا دائىم جان .

پېشانەڭگە، بولساڭ پەرىشتە،
پۈتۈلدۈ جەزمەن بىر شەيتان .
بەخت دېگەن يۈرەر ئەرشتە،
ئۇنى ئىزدەپ بولسەن سەرسان .

بىر بۇلۇڭدا تاك ئاتسا كۆلۈپ،
ئۈچ بۇلۇڭدا ھومىيدۇ تۈن .
شادلىقىڭنى ھەسرەتكە بۆلۈپ،
چوغ بولساڭمۇ بولسەن تۈتۈن .

خىزىر بولۇپ تېخى دۈشمەنلەر،
ئىشىك ئېچىپ كىرىدۇ ئاگا .
ئۇتتەك يانغان ياقۇت گۈلشەنلەر
تۈيۈلىدۇ دوزاخ بوپ ساگا .

تاغ يۈدۈيسەن ئۈستۈڭگە شۇندا،
بولار تەگرى ئەرلىككە گۈۋاھ .

قاقالمىسا، ياخشىلار مۇڭغا،
تولارمىدىڭ شادلىققا ئۇۋا ؟!

1993- يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تورى www.uyghurkitap.com

# ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق

يالغانغا تۆزمىدىم ئاشۇ يىللاردا،
بېشىمغا تەگسىمۇ دەھشەتلىك تاياق.
قارشىلىق ياسىدى تۇغيان دىللاردا،
پالاكەت باسسىمۇ ئۆيۈمگە ئاياغ .
غەمگۈزار ۋەتىنىم، ئەي ئۇلۇغ ئانا،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق .

تۆھمەتنى رەت قىلدىم، قىلمىدىم پىسەنت،
سۈيىقەست دەشتىدە ياۋ قالدى ياياغ .
ئېلىشتىم، زورلۇقتا ياۋ يەڭگەن بىلەن،
ھەقىقەت بابىدا تاپشۇردى ياراغ .
بەقۇۋۋەت سەزدىمەن ئۆزۈمنى ئانا،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق .

«پەيلىم»دىن يانمىدىم، تۇردۇم قەد كېرىپ،
بولسىمۇ ئۇلارنىڭ قەستى جان ئالماق.
دېدىمكى، لەببەيچى تولغان جەننەتتىن،
مىلڭ ئەلا پىداكار ئەر چۈشكەن دوزاخ .
پەزىلەت نۇر چاچتى، ئەي ئۇلۇغ ئانا،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق .

ھلھەلە لىباسلىق تەنناز قىز كېلىپ،
دېدىكى: «دوستىڭىز تاشلىدى قاماق .
ئۇ سىزنى پاش قىلدى، قاراپ تۇرامسىز ،
يا سىزگە جاھىللىق بولامدۇ تاماق .
قايتۇرۇپ تىغ ئۇرۇش تۆھپىدۇر ئەبەد،
كېچىكىپ قالدى دەپ قىلمايمىز داقاق .»
ۋىجدانىم ئۆڭمىدى مىكرىدىن ئانا،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق .

قاباھەت دېدىكى: «قىزىل تون كىيىپ،
ئەل كىرگەن كېچىككە سەنمۇ كىرىپ باق .
بىر كەلدى بۇ پۇرسەت شۇنداق كارامەت،
ھايالسىز ئۇر، بۇلا، ئوت قوي، بۇز ۋە چاق ...»
يىرگەندىم رەزىلدىن غەزىپىم قىيان،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق .

سوراقتا ئۇيقۇسىز تۇردۇم كېچىلەپ،
دېدىكى: «بەرىبىر قالالمايسەن ساق .
ئېسىڭنى تاپ، زامان ساڭا باقمىسا،
ئىتائەت قىلغىنكى، سەن زامانغا باق .
ئېگىلگەن باشنى ھېچ كەسمەيدۇ قىلىچ،
بۇ ئۆچمەس ھېكمەتكە ئىشەن، سال قۇلاق .»
دەۋەتلەر دەۋرىدى، مەڭدەپ كەتمىدىم،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق .

ۋاباغا مول ۋە باي، ۋاپاغا گاداي،
ئۇ يىللار ئاپەتلىك، ئاپەتكە ئامراق .
ئۇ يىللار قويندا بولۇشتى ئايھاي،

تالايلار تارخان بەگ[1] تالايلار غەمناك ...
شۇندىمۇ ئۆچمىدى ئۈمىد يۇلتۇزۇم،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن هالال ۋە ئاپئاق .

زۇلمەتتىن قىينىلىپ تاڭدىن كەچمىدىم،
زاكاۋەت يولۇمغا نۇر چاچتى پارلاق .
كى قەددىم سۇنسىمۇ سۇنمىدى قەلبىم،
قەتئىيەت ۋە چىدام يېگۈزدى قايماق .
سەجدە قىل دېگەننى سەرگەشتە قىلدىم،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن هالال ۋە ئاپئاق .

*　　　　*

جۈرئەتۇ ئەقىدەم، ۋىجدان ـ قۇدرىتىم،
سوۋۇماس هەر زامان، ئەبەدىي قايناق .
ئىرادە هەم ئۈمىد، سۆيگۈ ـ نەپرىتىم،
نۇر چاچار، زەر چاچار بىلمەستىن ئاداق .
مۇبارەك ۋەتىنىم ، ئەي ئۇلۇغ ئانا،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن هالال ۋە ئاپئاق .

1979 ـ يىل نويابىر ، ساۋەن

① قانۇن ۋە ئىنتىزامنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئىمتىيازلىق مەنسەپدار مەنىسىدە .

## يېڭى يىل، يېڭى روھ، قۇتتىن سەپ قۇرار

قوينىغا تولدۇرۇپ ئەلۋان گۈللەرنى،
ئۇمىدتىن سول تارتىپ قويغاندا قەدەم.
دۇمبەم ۋە پېشانەم سەزدى ھۆللەرنى،
قۇلاقتا ياڭرىدى بېتخوۋېن ئەجەم.
ئىلھامدىن باشلىدىم شەربەت سۆللەرنى،
يېشىمدا، يىلىمدا يېڭى بىر رەقەم.

يەنە مەن ئىزىقتىم خىيال ئارىلاپ،
ئىشتىياق ئىلكىدە چىقتىم قىياغا.
تاڭ پەيتى تاڭلارنى چىقتىم مارىلاپ،
ئوق ئاتتىم ئۇپۇقتا تەلۋە رىياغا.
كېچىلەر رەڭگىمنى تۇرسا قارىلاپ،
كۈندۈزلەر چىللىدى ئالتۇن زىياغا.

كۆزنەكتە مېھماندۇر پەرىشتە قىزلار،
ئېتەكلەر لەۋھەدۇر، روماللىرى نار.
بوسۇقتا ياندۇ ئەترگۈل ئىزلار،
قولىدا ھۆرلۈكنىڭ دەستەكلىرى بار.
ئېتىلدىم ئۇزلۇققا، پۈكۈلدى تىزلار،
سوۋغىسى ھۆرلەرنىڭ نېمانچە دىلدار؟
ئىمارەت، دەرەخ، يول، رەڭدار كەڭلىكلەر،
تومۇردا ئاقىدۇ يۈرەكنى چىشلەپ.

چايقالدى ھاياجان ئەتمەي ئەگلىكلەر،
شائىرلىق، ئادەملىك تۇرماقتا ئىشلەپ،
تەبىئەت ئالدىدا تارتتىم تەگلىكلەر،
رەگلەردە چاندۇرۇپ، جاننى سەرنىشلەپ.

ھە، شۇنداق مەن ئۇنى تۇزۇك سىزالماي،
خىلى خوپ جۇدەتتىم، سىياقسىز بولدى.
ئۇ بەرگەن سۆيگۈنى زىنھار يىرالماي،
ۋۇجۇدۇم شولىغا،
لەرزىگە تولدى.
ھەر زەررە بولمىشنى يوققا قىيالماي،
سەپەرلەر ئۈستىدە ياپرىقىم سولدى.

ئىگىسى ئىرۇرمەن ھەربىر گىياھنىڭ،
قول بۇلغاپ تۇرىدۇ شۇنداقلا ئالەم.
بەرگىنى چارلايمەن تاغدا قىياقنىڭ،
سىرىنى سۆزلەيدۇ باغلاردا لالەم.
تەبرىكىم نۇرىدۇر تۈندە چىراغنىڭ،
ئىزگۈلۈك ئىزدەيدۇ پەريادۇ نالەم.

مۇھەببەت قويىمامسەن تاش ـ ياغاچلارغا،
گۈل ئاچماي قالامدۇ؟
شۇندا كۆرەرسەن.
قىمىز قۇي چۆللەردە ئاچ چاناچلارغا،
ھويلاڭغا شۇ چاغدا تاغنى ئۆرەرسەن.
پاتمايدۇ شۇ چاغدا نۇر باغاشلارغا ،
ھاياتنىڭ پەيزىنى راسا سۈرەرسەن.

مۇئەللەق ھاۋادا يۈگۈردۈم تىنماي،
ئالقاندا يۈرىكىم گۈپۈلدەپ ئۇرار.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

دوستلىرىم بېغىڭغا كەۋسەرلەر قىناي،
كۆردۈمەن تۈڭلۈكتە ئامىتىڭ تۇرار.
ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ نوتام بارچىنئاي
يېڭى يىل،
يېڭى روھ،
قۇتتىن سەپ قۇرار .

2001 ـ يىل 25 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئايرىلىش

ئاي ئوقىدىن قاڭقىپ چىقتى، ئۆچتى پارلاقلىق،
باھار كۈتكەن گۈللىرىمدە ئايان قايرىلىش.
كېلەر زامان جىلۋىلىرى كۆزدە چارلاقلىق،
ئالەم ئۈزرە ھەممە شادلىق، ھەسرەت ــ ئايرىلىش.

ئوك ــ سول كەتكەن يوللار ئارا كېلىمەن مىڭىپ،
تاغ بېشىمدا، تاغ دۈمبەمدە، تاشلار پۇتۇمدا.
ئاخشام كۆرگەن چۈشلىرىمنى باغرىمغا تىڭىپ،
ئۈششۈك تەگكەن باغلار رەڭگى ئوينار تۇرقۇمدا.

ئۇچۇپ ئۆتسە باش ئۈستۈمدىن تىنىگەن تۇرنا،
ئايرىلدىڭمۇ؟
ھەسرەتلىكسەن دېدىم گۇدۇڭلاپ.
دەيدۇ: ئەقلىم رەنالارنىڭ يېنىدا تۇرما،
ئىچىم چاڭقاپ، شورتاڭلىقتىن سۇنى ئوچۇملاپ.

يۇلتۇز كۆچتى، سۇلار كۆچتى، چىراغلار ئۆچتى،
قاينىمايدۇ بۇلاقلىرىم ئەمدى بۇلدۇقلاپ.
كېمىلىرىم قىمىرلىماس، سايازغا چۆكتى،
ئامەت سوئال سورىغاندا، قالدىم دۇدۇقلاپ.

تەلپۈنىمەن ئۇپۇقلارغا، قايغۇ، قېنىق رەڭ،
قارا بۇلۇت تۇرۇشۇپتۇ ئۇنى قورۇقلاپ.

نەگە بارسام، پەرىشانمەن، مىسكىنمەن، دىلتەڭ ،
سېمىز كەلگەن ئىلھاملىرىم كېتەر ئورۇقلاپ .

2001 - يىل 15 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئالمدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ

قەدەھكە قەدەھتەك شاراب سىغدۇ،
ئېرىقتا ئاقالماس دەريا كەبى سۇ .
قىل سىغماس ھەقىقەت بولۇپ ئەزەلدىن،
كىشىلەر قەلبىگە ئورنىغان سۆز بۇ .

ۋە لېكىن ۋەتىنىم سەن باشقا دۇنيا،
مېھرىڭدىن تاشقىمۇ بەردىڭ سەن سەزگۈ .
مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ، ئورناتتىڭ ئۆزۈڭ،
ئالمدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ .

1963 ـ يىلى دېكابىر، ئۈرۈمچى

# تورزان قەسىدىسى

(بىر مۇھاجىرنىڭ چەت ئەلگە بارغان ئىلىم ـ پەن خادىملىرىغا ئېيتقانلىرى)

قاقماي تۇرغىن قېرىندىشىم ئۇستۈڭنى،
تورزۇمىسۇن يۇرتتىن كەلگەن تورزانلار .
ئۇنى سۈرەي كۆزلىرىمگە، سۈرەيمەن،
مەن تېنىگەن، يول ئاداشقان قوزاڭلار ...

قاقماي تۇرغىن قېرىندىشىم ئۇستۈڭنى،
قونسۇن ئۇلار ئۇستۈمگە، ياق قەلبىمگە .
ئانا يەرنىڭ زەررىسىدۇر ئۇ تورزان،
نۇر بولغۇچى، مەن ئايرىلغان بەختىمگە !

قاقماي تۇرغىن قېرىندىشىم ئۇستۈڭنى،
يۇراپ ئالاي باغلىرىمنىڭ ھىدىنى .
ئېپار چېچەك، ئېپار غۇنچە، ئېپار گۈل،
يۇيسۇن دىلدىن ھىجرانلارنىڭ دېغىنى .

قاقماي تۇرغىن قېرىندىشىم ئۇستۈڭنى،
ئۇ زەررىلەر تەۋەررۈكتۇر، مۇقەددەس .
مەن كۆرىمەن تەگرىتاغنى ئۇنىڭدىن،
كۆمۈش چاچلىق، مەغرۇر، ئۇلۇغ، زەبەردەس .

قاقماي تۇرغىن قىرىنىدىشىم ئۇستۇڭنى،
مەن ئۇنىڭدىن شاھ مۇقاملار ئاڭلايمەن .
شاۋقۇن سالار دەريالىرىم زەر قىرغاق،
خىيالىمدا دەريالارغا قارايمەن .

قاقماي تۇرغىن قىرىنىدىشىم ئۇستۇڭنى،
ئۇ ۋەتەنىنىڭ تۇپرىقىدۇر تۇتىيا .
ئىز تاشلىدى پىشانەمگە جۇدالىق،
يارا سالدى يۈرىكىمگە ھەر گىيا .

ئىنسان پەقەت ئۈچ نانغىلا توياركەن،
توياركەنۇ نان غېمىنى قوياركەن .
غاپىللىقتىن ئۆچسە ئەقىل شاملىرى،
ئۆز كۆزىنى ئۆزى جەزمەن ئوياركەن .

«بۇلبۇل دەركەن تىكەنلەرنى ۋەتىنىم ،
ئالتۇن قەپەس ھەيۋىتىنى ئاچسىمۇ»
شۇ بىر قۇشچە بولالمىدىم ۋاي ئىست،
ئازغۇ مىنى تاغلار كىلىپ باسسىمۇ .

قاقماي تۇرغىن قىرىنىدىشىم ئۇستۇڭنى،
قىيالمايمەن ئۇنى ھەرگىز قىقىشقا ...
بىر زەررىگە تەسەددۇقتۇر مىڭ ھايات،
ئۇ زەررىلەر سەرخىل شولا چېچىشتا ...

قاقماي تۇرغىن قىرىنىدىشىم ئۇستۇڭنى،
ئۇستۇڭىدىكى چاڭ ـ تۇزانغا تەشنا مەن .
چۆلدە قالغان يۇگۇرگەندەك ئالۇۋۇنغا،
بىر ھالەتكە مەھكۇم بولدۇم، ئەسرامەن .

1981 ـ يىل ئىيۇل، بېيجىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئاق قېيىن

ساۋۇت كىيىپ ئاپئاق كۈمۈشتىن،
جەڭگە ماڭغان باتۇر چەۋەنداز.
مۇز ياغقاندا قورقماي ئۆلۈشتىن،
مەيدانلاردا دۈيلۈگەن جانباز.

ۋۇجۇدۇڭدا چىرىك تەركىب يوق،
چىڭلىقىڭنى پولاتتىن تاپتىم .
پۇتاقلىرىڭ كۆككە ئاتقان ئوق،
ئەندازلارنىڭ يۈزىنى ئاچتىم .

جىمجىت، تىمتاس، تەمكىن تۇرسەن،
كۆرەڭلىكتىن يوق قىلچە سادا .
كۆككە قاراپ دەملەر ئۇرسەن،
قامىتىڭگە بايرامدۇر يادا .

يانتۇلۇقتا تۈز ئۆسمەكتىسەن،
مۆجىزە دەپ ئالقايمەن تەكرار .
راھەت ئىزدەپ مەن ئۆلمەكتىمەن،
چىدام دېگەن سەندە مىڭ جان بار .

2003 ـ يىل 23 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تاڭ لىرىكىلىرى

## تاڭ كېلەر

بۇغدىدىن چۇشەمدىكىن سىرىلىپلا،
تاڭ كېلەر مېھىر تۆكۈپ تاغ تەرەپتىن .
ئېرىيدۇ ۋادىلاردا كېچە ئۇنسىز،
يۇرقۇيدۇ سابا ئەترە باغ تەرەپتىن .

ئېتەكتە يانغىن يانار، ئاتەش يانار،
شولىلار ئۆتەر دىلغا ئاتەش قۇيۇپ .
نۇر ئىچكەن دىلبەر زېمىن ۋىلىقلايدۇ،
تاڭ كېلەر ئۇنى گويا نۇردا يۇيۇپ .

تاڭ كېلەر پارلاپ ئەنە، پارلاق دۇنيا،
تاڭ كەبى تاۋلىنىدۇ تاڭدەك ھايات .
تاڭ كېلەر تەڭداشسىز بىر سۆلەت بىلەن،
سۆيگۈگە تولۇپ كېتەر كەڭ كائىنات .

## شەپەق

تارتىنچاق يارنىڭ يۈزى ياقۇت شەپەق،
ئانارنىڭ سىياقىدا شەلپەر، شەلپەر .
بىھېساب قىزىلگۈللەر بار ۋەسلىدە،
ئاسماننىڭ يورۇق چېتى زەڭگەر، زەڭگەر .

تارتىنچاق يارنىڭ يۈزى ياقۇت شەپەق،
ئانارنىڭ سياقىدا شەلپەر، شەلپەر.
بىلمەيمەن تۇن خىجىلمۇ، تاڭ خىجىلمۇ؟
بۇ شەپەق تاراتماقچى قانداق خەۋەر؟

تارتىنچاق يارنىڭ يۈزى ياقۇت شەپەق،
ئانارنىڭ سياقىدا شەلپەر، شەلپەر.
مىڭدىن بىر مۆجىزىدۇر تاڭ ياراتقان،
بۇ شەپەق باغرى چوغدەك، ئەسلي گۆھەر.

تارتىنچاق يارنىڭ يۈزى ياقۇت شەپەق،
ئانارنىڭ سياقىدا شەلپەر، شەلپەر.
شەلپەرگە سىڭەر ئاستا شەلپەر ھېسلار،
گۈل شەپەق مۆجىزىگە بولۇپ مۇنبەر.

## قۇياش

قاپقارا مەخمەل پەردە كۆتۈرۈلدى،
تاڭ دېگەن مەنە ئۇندىن ئۇققىنىمىز.
يۈزىنى ئاچتى ئەنە كۈلۈپ قۇياش،
مېھرىبان غەمخورىمىز، تۇغقىنىمىز.

باغرىغا باستى بىزنى، سۆيدى بىزنى،
چىن سەزدۇق دەقىقىمىز قىممىتىنى .
بىز كۆردۇق، كۆرمەكتىمىز شۇ قۇياشنىڭ
ئاسمانلار كۆرەلمىگەن ھىممىتىنى ...

باغرىغا باستى بىزنى، سۆيدى بىزنى،
بېسلدى ۋە سۆيۈلدى ئانا زېمىن .

غۇبارسىز بىر يارقىنلىق يايدى ئېتەك،
ئىلھامىم، نۇرغا سىغىن، نۇرغا سىغىن !

## دەريا

قىنىغا پاتماي لۆمشۈپ ئاقار دەريا،
شاۋقۇنى يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتەر.
دولقۇنلار ساھىللاردا سۆرەيدۇ چاچ،
شولىلار قەترىلەردە ئەكس ئېتەر.

ئاجايىپ بىر گۈزەللىك ئاچتى چىراي،
چۆمۈلەر بىر پەرىزات بۇندا گويا .
دەۋرەيدۇ قىزىل ئېقىن، شەلپەر ئېقىن،
قىزىلغا ئۆرۈلگەندۇر تاڭدا دەريا .

## دېرىزىلەر

تاڭ ئاقار دېرىزەمدىن تۆشىكىمگە،
چۈشلىرىم چاقناپ كەتتى نۇرلار ئارا.
ئالتۇنغا ئايلىنىپتۇ كۆكۈلامۇ،
نېلۇپەر، دىلرەبايىم ماڭا قارا.

تۈيغۇلار شۇنچە شېرىن، شۇنچە شېرىن،
يايرايمەن ھۇزۇرلىنىپ، لەززەتلىنىپ .
ئاشۇنداق نۇرلار باردا، نۇرلار باردا،
قانداقمۇ ئاھ ئۇرسەن ھەسرەتلىنىپ .

خىيالىم قاناتلىرى كەڭ يېيىلغان،
ئۇچىدۇ يىراقلارغا، ھېكمەت ئىزدەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بىز نېمە ئۆتكۈزۈشسەك بولار ئىكەن؟
ئۆيۈمگە نۇر ئۆتكۈزدى دېرىزىلەر .

## نىگاھلار

قاراۋۇل كىرپىكلەردە نۇرلار تال ـ تال،
چېقىن بار قاراقلاردا، نىگاھلاردا .
ئىز گۈلۈك چاراقلىغان يۇلتۇزلاردەك،
قاراڭلار تاڭدىكى شۇ نىگاھلارغا .

## خاتىمە

ئاشىق ئىدىم تاڭلارغا، شولىلارغا،
تۈگىمەس ئاشىقلىقىم، كېمەيمەس ھەم .
خىيال قىلسام قىلمەن تاڭ ھەققىدە،
تاڭ ۋەسلىدە سۆيگۈ جەم، گۈزەللىك جەم .

تاڭغا قاراپ ياشايمەن، نۇرلار ئېمىپ،
تاڭ ئىشقىدا ئۆتىدۇ ھەر دەقىقەم .
تالاي تاڭغا يېزىلدىم، مۇشتەرىمەن،
تاڭنى كۈيلەش، ئۇلۇغلاش چىن ئەقىدەم .

1987 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئ ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ساۋاقداشلىرىمغا

شادلىقسىز ھەسرەتنى بۆلۈشتۇق،
ئۇچراشساق يۈرەكتىن كۈلۈشتۇق .
ھۆسنۈڭنى تېرىدىم تاملارغا،
بىردەملىك ۋىسال چۈن ئۆلۈشتۇق .
مىڭ كۈنلۈك يول يۈرۈپ بىر كۈندە،
پەيت كېلىپ مىڭ تەستە كۆرۈشتۇق .
ھەپسە ئاي يوشۇردى تېنىڭنى،
ھەسرەتنى دىللارغا كۆمۈشتۇق .
تارالدۇق زېمىنغا شولىدەك،
تاشلارغا تېرىسا ئۈنۈشتۇق .
ئەزەلدىن تاقەتلىك ئىدۇق بىز،
ھەممىگە ھەرقاچان كۆنۈشتۇق .
ھەق سۈنسا سوراقسىز ئۆگۈشتۇق،
زۇلمەتتە كۈن بىلەن سۆيۈشتۇق .
ھېلىمۇ ئۆزگەرمەس قىممەتلەر،
ئالماستۇق،
ئالتۇندۇق،
كۆمۈشتۇق !

2003 ـ يىل 24 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# تال ـ تال چاچلىرىڭ تاڭ نۇرى، ئانا

تال ـ تال چاچلىرىڭ تاڭ نۇرى، ئانا،
يورۇتقان زۇلمەتنى ، قارا سايىنى .
مەردلەرسىز مەنزىلدە ئۇ بولۇپ پاناھ،
قولۇڭغا تۇتقۇزغان ئۈمىد ئايىنى .

تال ـ تال چاچلىرىڭ تاڭ نۇرى، ئانا،
بالقىغان نۇر ـ ئاپتاپ پارلاق ۋەسلىدە .
مەنمۇ بار شۇ پارلاش، ئاشۇ بالقىشتا،
ئالغانمەن پارلاشنى سەندىن ئەسلىدە .

بەختىمنى تىلىدىڭ، دەرد كۆرمىسۇن دەپ،
(سەجدىلەر سانىقى تەڭرىگە ئايان .
ئامانلىق تىلىدىڭ كۈنۈمدىن غەم يەپ،
تىلەكلەر بارمىدۇ سىلەردە پايان؟)

سەپەرگە ئاتلانسام يۈز ئېچىپ ھىجران،
تاپشۇردۇڭ جىمىكى ياخشىغا مېنى .
تاپشۇردۇڭ يوللارغا ئاشكارا ـ نىھان،
قايغۇ ـ غەم، ئەندىشە قىيىندى سېنى .

بىلمەن مېنىڭسىز خۇشاللىقىڭ يوق،
ئوڭ باسقان قەدىمىم ساڭا قۇت، زەپەر .

قايغۇرسام كۆكسۈڭگە قادىلدۇ ئوق،
يىگىنىڭ، ئىچكىنىڭ بولدۇ زەھەر.

ئاددىي سەن ئاق رەڭدەك، ئاق ياغلىقىڭدەك،
ئاددىي سەن ھەق كەبى، ھالاللىق كەبى .
چېكى يوق پۈتۈلگەن پاك دىلىڭ ئەبەد،
ئەجرىڭدە ئانا سەن، پاكلىقتا سەبى .

بالاغەت يېشىغا باغلاندىم بۇ دەم،
سەگگەن سەزگۈلەر غالىبتۇر تەندە .
باللىق چاغلىرىم گۈزەل ۋە كۆركەم،
ساقلاقلىق تۇردۇ پەقەت بىر سەندە .

تال ـ تال چاچلىرىڭ تاڭ نۇرى، ئانا،
چاقنايدۇ كۈمۈشتەك ئوڭ ۋە سوللىرىم.
دىرىزەم، ئۆيلىرىم، قەلبىم ۋە يانا،
نۇر ئىچىپ قالدۇ يۈرگەن يوللىرىم.

ئويلايمەن: نۇرلىنىپ، پاكلىنىپ زېمىن،
ئاندەك ئاق بولسا، پاك بولسا گويا!
ئاق ۋە پاك كۆڭۈللەر تاپىدۇ ئەمىن،
(ئاق سۈتتىن يارالدىڭ، ئاق سۈت بول دۇنيا!)

تال ـ تال چاچلىرىڭ تاڭ نۇرى، ئانا،
يورۇتقان زۇلمەتنى، قارا سايىنى .
مەردلەرسىز مەنزىلدە ئۇ بولۇپ پاناھ،
قولۇمغا تۇتقۇزغان ئۈمىد ئايىنى .

1983 ـ يىل ئاۋغۇست، ساۋەن

# چېچىمدىكى بىر تال ئاق

ئەينەك، ئەينەك رەھىمسىز سەن، باغرى تاش،
ھەممە جۈپكى، لىللالىقتا بىر سەن تاق .
ياتمىدىمۇ سىرلار ياتماس ئىچىڭدە،
چېچىمدىكى بالدۇر چۈشكەن بىر تال ئاق .

ئاق بولسىمۇ ئاينىڭ رەڭگى، تاڭ رەڭگى،
يارنىڭ رەڭگى ئانام بەرگەن سۈت رەڭگى .
قارا چاچقا ياقمايدىكەن نۇر بىرىپ،
دىلغا ياققان نىلۇپەرنىڭ ئاق بەرگى .

قارا چېچىم ئاقارغانسەن قەيەردە،
قايسى چاغدا كۈندۈزدىمۇ، تۈندىمۇ.
قايسى خىيال بولغان ئىكەن بوياقچى،
ياكى ھەسرەت ئاق چاچ بولۇپ ئۈندىمۇ؟

قارا چېچىم ئاقارغانسەن قەيەردە؟
قارا رەڭلەر قانداق كەتتىڭ پىنھانى؟
ئىپ قالدىمۇ يامان چۈشتە يولۇققان،
سەرسانلىق يا ئانا يەرنىڭ ھىجرانى؟

قارا چېچىم ئاقاردىڭكىن قەيەردە؟
كۆز تەگكەندەك، چەتنىگەندەك ئۇشبۇ ھال .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

خوش دىمدىلك سىياھ رەڭلەر، خوش دەبدۇ —
بىر تۈنگە ھەم شەپەق چىچىپ كۈن ئۇۋال!

سوئالىم كۆپ، خىيالىم كۆپ ئۆرتەندىم،
ھەر نەرسىنىڭ سەۋەبى بار، سىرى بار .
سىر ئىزدەيدۇ «نىمشقا؟»نى ياغدۇرۇپ،
پۈكمىسى بار، كۆڭۈللەرنىڭ كىرى بار .

گۈلگە شەيدا، گۈلگە ئاشىق ئىدىم مەن،
گۈل قىتىغا سىڭگەندىمۇ قارا رەڭ !
گۈلزارلاردا تەلمۈرىمەن گۈللەرگە،
يۈرىكىمدە تەشنا ھىسلار قىلار جەڭ!

گۈلگە شەيدا، گۈلگە ئاشىق ئىدىم مەن،
گۈل قىتىغا سىڭگەندىمۇ ياشلىقىم .
گۈلنىڭ ئىشقى، غۇنچە ئىشقى ئۆچمەس ئوت،
كەلمەس ئەسلا گۈلنى كۈلگە تاشلىغۇم .

ياپراقلارغا ھىرىس ئىدىم ئەزەلدىن،
ياپراقلارغا سىڭدىمكىن ياپراق چاغ !
يىشىل رەڭلەر ھايات رەڭگى، قارايمەن،
(يىقىل باشقا ئۆكۈنۈشتىن پۈتكەن تاغ !)

كۆيگەندىم، بىسلمايتتى بۇ كۆيۈك،
ئالتۇن چىراي (يار چىرايى؟) تاڭلارغا !
ئۇيۇق ئۇزرە سىڭگەندىمۇ تاك پەيتىم،
سىڭگەندىمۇ تاڭلار تىنغان ھاڭلارغا !

خۇشتار ئىدىم قۇياش، يۇلتۇز، ئايلارغا،
شۇلار بىلەن ياشىراتتى گۈل بىغىم .

سىڭگەندىمۇ مۆجىزىكار ئاسمانغا،
قۇياش چېغىم، يۇلتۇز چېغىم، ئاي چېغىم .

ئىنتىلەتتىم ئورمانلارغا كۆك لىباس،
سۇمۇرەتتىم ئىپار ھىدلىق ھاۋانى .
شۇ ئىنتىلىش مۇھەببىتى سىڭگەن يەر،
ياڭرىتىدۇ ياشلىق تۆككەن ناۋانى .

نېلۇپەردەك نەپىس يارىم خۇما كۆز،
تىكىلەتتىم خۇما كۆزگە ئوت يانغان!
خۇما كۆزگە ئۆتكەنمىكىن گۈل سىياق،
جاننى ئالار جىلۋىسىگە دىل قانغان!

يۇرەر ئىدىم تاغدا، تۈندە، يوللاردا،
يوللار بويى خوي پۇرايتتى گۈل رەنا!
بەلكى يوللار تىنقۇالدى قوينىغا،
يوللار كەبى ياشلىقمنى، كەك مەنا!

شۇ پىكىرلەر ئىسكەنجىدە ياشايمەن،
دەقىقەمنىڭ ئۆتكىنىگە ئاھ ئۇرۇپ .
چىنارىم بار ھەر دەقىقە باغرىدا،
تىكىپ قويغان تەرىم بىلەن سۇغۇرۇپ .

شۇ سۆزۈمدە تىكىلمەن يىللارغا،
ۋە تامشىيمەن بىر مىنۇتنى مىڭ قېتىم .
بەخت بىزنى چاقىرماقتا كەل، كەل دەپ،
دەيمەن بەسلەش ۋاقىت بىلەن چاپ ئېتىم .

تەگسىز خىيال، خىياللاردا چەك بارمۇ،
شېرىن، ئاچچىق نۇرانە ھەم گىرىمسەن !

ئېپ قاچسمۇ يىللار چاچنىڭ رەڭگىنى،
ئېپ قاچالماس دىل رەڭگىنى، يار ئىشەن !

1982 ـ يىل نويابىر، ساۋەن

www.uyghurkitap.com

# كۆكلەم

1

تىنىقلىق قاپلىدى ئۆيۈمنى، كۆكلەم،
يانلارغا يالتىراق يالپۇزلار ئۈندى .
كېيىنەك تونلىرىنىڭ يېشىل ۋە كۆركەم،
ئىزغىرىن قارلارنىڭ جىلۋىسى سۇندى .
قاپتالدا يولۇققا قارىدۇق، ئەركەم،
(تاقەتسىز ئادەملەر تازا ئۈمۈندى .)

2

ئەجەبمۇ ھۆسنۈڭگە تولۇپسەن بۇ رەت،
قايسى بىر بەدەلگە بولدى بۇ تولۇش؟
شولىلار كۆلدۇ چىچىپ مۇھەببەت،
نەقەدەر جەننەتتۇر ئۇزغا تاج بولۇش .
ناۋالار ياڭرىتار تاغ ـ دەريا پەقەت،
مۇزلارنىڭ بەختىدۇر نۇرغا ئۇتۇلۇش .

3

بىغىمدا بىر دەرەخ بىخ ياردى ئاخشام،
يىگى جان، يىگى دەم يارقىن نەقەدەر.
كائىنات كۆيىگە ئۇلاندى ناخشام،

دەۋرەپ ئۈز زېمىندا كېزەر دەر بەدەر.
چىمەنلەر لالىدىن بەرگىگە ياق شام،
زەررىچە يورۇقلۇق ئالەمگە جەۋھەر.

4

شاماللار تارتقۇچلاپ قىياقنى تۈزدە،
كۆگلۈمگە ھېكمەتتىن قويۇپ قويار ئوي .
قارايمەن شەپەقتەك قان تەپكەن يۈزدە،
سەرۋىلەر بىردەمدە تارتار غۇلاچ بوي،
ئاھ، كۆركىلىك ھازىردا، سالمىقلىق كۈزدە،
تۈگىمەس ھەرگىزمۇ سەن بار يەردە توي!

5

قارايمەن تۇرقۇڭغا ھەۋەستە ھەيران،
باغرىمغا تاشلاندىڭ قەيەردىن قانداق؟
ھۆسنۈڭنى سانالماي بولدۇما ۋەيران،
ئاي تەركىب، كۈن تەركىب نۇرغۇن نېمانداق؟
دالىلار ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە سەيلان،
ئاسمان بىر ئەينەكتۇر،
جۇسۇنۇڭغا باق!

2003 ـ يىل 22 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# قەشقەر كۈيلىرى

ياڭرىتىپ كۈي، يول سال بەدەر
شەرق رىمى قەشقەرگە!

«قەشقەر بوياقلىرى»
جولۇن مامتۇپ (قىرغىزىستان)

**1**

**ئەجەب كۈيلەر كۈيلەيسەن تۈمەن،**
**كۈيلىرىڭدە بىر ئوت ئارمان بار.**
**قايناملىرىڭ كىيىك كۆز لېۋەن،**
**سۆزلەر قىسسە كۈنۈ تۈن بىدار.**

**تەشنا ئىدىم شوخ قەترەڭگە مەن،**
**كەلمەك ئىدىم سېنى كۆرگىلى .**
**خېلى بولغان ساڭا ئاتاپ مەن،**
**باشلىرىڭدىن جانىنى ئۆرگىلى .**

**بالاڭ ئىدىم ئۆزۈڭ ئىمىتكەن،**
**ئەمدى كەلدىم نىسۋە سوراپ .**
**ئىشقىڭ ماڭا ئاتەش يېگۈزگەن،**
**يۈردۈم ئۇنى قەلبىمگە ئوراپ .**

دولقۇنلىرىڭ خۇش كەيسەن دېدى،
كۆلكە چاچتى پەرى سىياقلار.
يىلتىزلىرىڭ يۈرىكىم ئىدى،
قىرغاقلاردا ئۆسكەن قىياقلار.

قۇچىقىمنى كەڭ يايدىم راسا،
ئالدىم سېنى ئەركىن قۇچاقلاپ.
ئېرىپ كەتتى ھىجران كەڭتاشا،
يار ئۇچرىدى يولدا چاپمۇ چاپ.

گاراڭدۇرمەن تەندىن چىقتى ھوش،
نېمە قىلار مېنى مۇھەببەت؟
كۆڭۈل دېگەن گويا ئۇچقان قۇش،
سۆيگەن شاخقا قونىدۇ پەقەت.

چاراقلىدى روھلار يۇلتۇزدەك،
يۇلتۇزلارغا ئايلاندىم شۇتاپ.
كەلمەكتىدۇر ئوغۇل ئوتتۇزدەك،
ئېرىمەكتە باغرىمدا ئاپتاپ.

سۆزلە قېنى، قىسسەڭنى تۈمەن،
كۆپىۇ سەندە قىسسىلەر ئاخىر.
سەن تۇرغاندا سۆزلىمەك ئېۋەن،
ئۆزۈڭ دانىش،
ئۆزۈڭغۇ شائىر.

2

شاختا غۇجمەك پانۇس ئانارلار،
قاراپ قالدىم بولۇپ ھەيران ــ ھەس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆتتى ئانار كەبى دىلدارلار،
ئۇلار كۇلدى، مەن يوقاتتىم ئەس.
قاراپ قالدىم بولۇپ ھەيران ـ ھەس.

بۇلبۇل تىلىم قۇدرىتىڭ قېنى؟
ئۇل باسمامسەن گۈزەل تەرىپكە.
يار ئالدىدا لەت قىلما مېنى،
يارا سېلىپ نازۇك قەلبكە.
ئۇل باسمامسەن گۈزەل تەرىپكە.

گۈزەللەرگە قارىماق پەرىز،
قارا كۆزۈم ئەسەبىيلەن، توي.
تالاي سەتىر شائىرغا قەرىز،
كۈي بابىدا ئۇ كۆرسەتسۇن بوي.
قارا كۆزۈم ئەسەبىيلەن، توي.

ئېلىپ چىقاي ئۇلارنى كۆككە،
پەرىشتىلەر قاچسۇن دالداقاپ.
ساراڭ بولسۇن مۆكۈنۈپ بۆككە،
قۇياش ۋە ئاي، يۇلتۇز چالۋاقاپ.
پەرىشتىلەر قاچسۇن دالداقاپ.

شۇنچە تەڭقىس تۇرۇپ قالدىم مەن،
ئانارلىق باغ ئىچىدە شۇئان.
يۈرىكىمنى يۇلۇپ ئالدىم مەن،
دىلدارلارغا قىلىپ ئارمىغان.
ئانارلىق باغ ئىچىدە شۇئان.

ئانارلىق باغ، ئانار دىلدارلار،
سىلەر بىلەن ياشاي ئەمدى مەن.
ئۆزگەرمەيدۇ مەڭگۈ بۇ قارار،
مەڭگۈ ئۇزلۇق سىلەرگىلا تەن.
سىلەر بىلەن ياشاي ئەمدى مەن!

3

دىرىزەڭدە قىلىن پەردە بار،
سەن تۆشەكتىن ئالدىڭ بەلكى جاي.
كۆزنىكىڭنى ئاچمىساڭ دىلدار،
گۈللىرىمنى قەيەردىن سۇناي.
سەن تۆشەكتىن ئالدىڭ بەلكى جاي.

يىراقلاردىن كەلدى بۇ گۈللەر،
ئەسرار بولۇپ يۈرەك كۆيۈمگە.
قات ـ قىتىغا سۆيگۈدىن ھۆللەر،
قانداق كىرەي، ئېيتچۇ، ئۆيۈڭگە.
جور بولمامسەن يۈرەك كۆيۈمگە.

دىرىزەڭدىن كەتمىدىم ئاخشام،
ئەكەلگەنتىم گۈلدەستە ساڭا.
مىڭ جاپادا مەن سېنى تاپسام،
كۆرسەتمىدىڭ يۈزۈڭنى ماڭا.
ئەكەلگەنتىم گۈلدەستە ساڭا.

سۇ ئىپلىشقا چىقمىدىڭ سەھەر،
كۈتكەنىدىم شېرىن ئۇيى بىلەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گۈللىرىمنى ئالمساڭ ئەگەر،
ئۆلگىنىم شۇ تاغدەك بوي بىلەن.
كۈتكەنىدىم شىرىن ئوي بىلەن.

ئۆندەرىگەك يىگىتكەن دېمە،
مۆجىزىدىن كەتتىم ئۆندەرەپ.
ئۆز ياراتتىڭ ئۇنى نېمانچە،
گۇناھىمنى كەچۈرگىن يارەب.
مۆجىزىدىن كەتتىم ئۆندەرەپ.

گۈللىرىمنى تاشلاي كۆزنەكتىن،
ئېلىپ كەلگەن يىراق كۈزلەكتىن.

4

چىنار ئىكەن قەددىڭىز ئاتا،
بىر ئەسىرنى ئۆتكۈزگەن تۇرۇپ.
بىر يۈرەكتە مىڭ يۈرەك ھەتتا،
تېخى ساغلام تۇرىدۇ ئۇرۇپ.
روھىڭىزدەك پاكىز ئۇستىڭىز،
ئەجەب كۆركەم ئاق ماتا يەكتەك.
يۈزلىرىڭىز قىرمىز ۋە قىرمىز،
(ھاۋا ئەركەك، سۇلارمۇ ئەركەك.)

ئەجەب تۇپراق، ئەجەب بىر دىيار،
ئۆلمەس بولۇپ ياشار ھۆجەيرەڭ.
بارمىسىمۇ پارىژغا، ئۇلار
ئەقلى تېرەن، ئالغان سولى كەڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uygurkitap.com

زېمىن بىنا بولغاندىن بېرى ،
توختاتمىغان ئەسلا چېلىشنى .
بىلەر ئۇلار: ياش بىلەن قېرى،
تاشلاردىنمۇ شەربەت ئېلىشنى .

5

ئىسسىقكۆللۈك بىر شائىر ماڭا:
«شەرق رىمى» دېگەنتى سېنى .
رىملىق شەرەپ  يارىشار ساڭا،
غۇرۇر كۆككە تارتماقتا مېنى .
ئەقىل ھەقنى كۆرسەتتى ئاڭا،
ھەق ئۇزلۇقنىڭ يېڭىلمەس دىنى .

ياشلىقتىكى چۈشۈمسەن قەشقەر،
گۈزەللىكتە بارىسەن نەگە؟
باشلىرىمغا چاچتىڭ تولا زەر،
قۇياش بەلكى قارىدى يەرگە .
تىنىقلىرىڭ ئۆتكۈر نەقەدەر،
ئايلاندىمەن پىداكار ئەرگە .

مەھمۇد، يۈسۈپ ياشىغان بۇندا،
ئالەملەرنىڭ كۆزىگە تۇرتۇپ .
گۈڭگا ئەمەس كەچمىشلەر شۇڭا،
قونالمايدۇ سايىلەر ئۇركۈپ .
يۇلتۇزلارغا باغلىرىڭ گويا ،
يۇلتۇزلارنى تۇرىدۇ يۇركۈپ .

ھۆرلەر بىلەن ساماغا چۈشتۈم،
قەدىم ھېيتگاھ چىمەنى ئارا .

كۈيلەر مېنى ئۇچۇردى، ئۇچتۇم،
ئاسمانلارنىڭ گۈلشەنى ئارا،
دېدىم، گۈليار ۋەسلىگنى قۇچتۇم،
كۆزۈمدىكى ئالەمگە قارا.

ئۇچراپ قالدىڭ يولدا تۇنجى رەت،
چۈمپەردىلىك ئەي، رەنا دىلدار.
ئەجەب ئېسىل شەرقچە سۈلكەت،
يالت قىلىپلا كۆرسەتتى دىدار.
دېدىم ئاڭا جىسمىڭ مۇھەببەت،
يالغانلارغا تېگىشمە زىنھار.

ياشاش دېگەن مۆجىزە ئەسلىي،
بىر بېرىلگەن ھەركىمگە ئادىل.
بۈيۈكلەرنىڭ بۈيۈكتۇر نەسلى،
قەدەم تاشلار يوللاردا دادىل.
تەكرارلانماس دەملەرنىڭ نەسلى،
ياشا، ئەمما بولمىغىن غاپىل.

پىچىرلايدۇ شۇنداق دەپ گۈللەر،
پىچىرلايدۇ شۇنداق دەپ تۇپراق.
پىچىرلايدۇ شۇنداق دەپ كۆللەر،
پىچىرلايدۇ شۇنداق دەپ ياپراق.
قۇلىقىمدا خىلمۇ خىل ئۈنلەر،
يۈرىكىمدە مىڭ تومۇق ساۋات.

كۆڭۈلدىكى ئوت كۈيسەن قەشقەر،
كۈيلەپ - كۈيلەپ تۈگىتەلمەيمەن.
سەن ئۆگەتتىڭ كۈيلەرنى دىلبەر،
مەن ھېچكىمگە ئۆگىتەلمەيمەن.

بەرگەن روھىڭ يانغىنغا جەۋھەر،
ئۇنى مەڭگۇ سەگىتەلمەيمەن .

6

يار سۆزلەمدۇ، جۈپ تار سۆزلەمدۇ؟
مۇشۇ تاپتا بىلەلمىدىم مەن .
ئاققان كۈيلەر جاننى كۆزلەمدۇ؟
ئۇنى ئەجەب يېشەلمىدىم مەن .
مۇشۇ تاپتا بىلەلمىدىم مەن .

سايراپ كەتتىڭ، ئەي ئالتۇن دۇتار،
سازلار ئارا تۇرۇپ يەكمۇ يەك .
جاراڭلىساڭ، باشلايسەن ھەر بار،
مېنى ئانا باغرىغا دېمەك .
سازلار ئارا تۇرۇپ يەكمۇ يەك .

ئورناتمىسا روھىمغا جەننەت،
نەرى ئۇنىڭ جەننەت كۈي بولار؟
كاسىلارغا لىق تولدى شەربەت،
ئادەم تولار، ئالەملەر تولار.
نەرى ئۇنىڭ جەننەت كۈي بولار؟

ئىككى تال تار تىلسىمنىڭ تىلى،
تىلسىم قۇيار تىنماي يۈرەككە .
شۇتاپ قولدا تاغلارنىڭ بېلى،
قۇدرەت يوق تەڭ تىلسىم بىلەككە .
تىلسىم قۇيار تىنماي يۈرەككە .

ئۇنلىرىڭنى يۇتتۇم ئەزۋەيلەپ،
ۋە باغرىمنى باغرىڭغا ياقتىم .

شۆھرەت قونغان چوققىدا لەيلەپ،
ھېكمەت ئاققان دەريادا ئاقتىم .
مەن باغرىمنى باغرىڭغا ياقتىم .

جان يىپىسەن جانلاردەك جۈپ تار،
جاراڭلىساڭ، جاراڭلار زېمىن .
كىملىكىمسەن زېمىندا دۇتار،
ھەر ئاھاڭىڭ پەخرىمگە گىمىن .
جاراڭلىساڭ، جاراڭلار دۇتار .

7

دىدار غايىب دېگەن ھېكمەت بار،
بىز ئۇچراشتۇق بۇندا ئاجايىپ .
كۆزلىرىڭدە مەن چىقالماس دار،
تۇغۇچلىرىم نەگىدۇر غايىب .
بىز ئۇچراشتۇق بۇندا ئاجايىپ .

قوزغىۋەتتىڭ بىردىن پەرىشتەم،
سۆيگەكلەرگە سىڭگەن ھېسلارنى .
ئەكەپ قويدۇڭ ئەسلىگە مەھكەم،
تاشقا تېگىپ يانغان بىسلارنى .
سۆيگەكلەرگە سىڭگەن ھېسلارنى .
تالاي يىللار ئۆتكىنى بىلەن،
ئۆتمەيدىكەن كۆڭۈللەر پەقەت .
ئالتۇن ئۆمۈر يىتكىنى بىلەن،
يىتمەيدىكەن ئالتۇن مۇھەببەت .
ئۆتمەيدىكەن كۆڭۈللەر پەقەت .

خىزىر ئاتا يولۇقسا ئەگەر،
سورار ئىدىم پەقەت بىر سوئال .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇ قىز ئەجەب تۇرۇپتۇ نۆۋەر،
چۈشكەن تۇرسا تاشلارغىمۇ هال .
سورار ئىدىم پەقەت بىر سوئال .

خال بولدۇڭمۇ قەشقەر هۆسنىگە،
يا باغرىدا يالقۇنلۇق يۈرەك ؟
تۇرسا كىشى ئانا كۆكسىدە،
مەڭگۈ سەبىي كۆرۈنسە كېرەك .
يا باغرىدا يالقۇنلۇق يۈرەك .

يامانلاردىن جاق تويسام خۇدا،
دىلدارىمنى كۆرسەتتىڭ ئامان .
قېرىنداشتىن مەن بولدۇم جۇدا،
گۇۋاھ بولغىن قەشقىرىم هامان .
دىلدارىمنى كۆرسەتتىڭ ئامان .

ئەجەب بەخت بەردىڭغۇ قەشقەر،
قاي يۇلتۇزنى تۇتقۇزاي ساڭا ؟
هەربىر زەررەڭ مەرمەررۇ مەرمەر،
سۆيگۈ پەۋەس جام تۇتار ماڭا .
قاي يۇلتۇزنى تۇتقۇزاي ساڭا؟

8


يەتمىش ئىككى هۈنەر ئاز كېلەر،
هۈنەر بىلەن تاشتا دان ئۈنەر.
پەريادلىرىڭ ئايلانسا پەرگە،
ئاساۋ هېكمەت ئەركىڭگە كۆنەر.
هۈنەر بىلەن تاشتا دان ئۈنەر .
قوللىرىڭدىن ئالتۇن تۆكۈلەر،

ئالتۇنلاردەك، ئەي ئىسىل يىگىت .
سەن بار يەردە يوقلۇق مۆكۈنەر،
ئىچكىنى قوشتۇرۇپ، چىگىپ .
ئالتۇنلاردەك ئەي ئىسىل يىگىت .

گۆھەرلىرىڭ كۈنگە ئوخشايدۇ،
تاڭ سەھەردە دېڭىزدىن چىققان .
مىجەز - خۇيۇم سەندە توختايدۇ،
سىمابلىقنى ئۆزىگە يىغقان .
تاڭ سەھەردە دېڭىزدىن چىققان .

رەڭگارەڭ گۈل، نەقىشلەر شەكسىز،
ئىشارەيۇ بىشارەتكە باي .
قەشقەر، سېنىڭ باغرىڭدا چەكسىز
قەدىم شەرق ئاچىدۇ چىراي .
ئىشارەيۇ بىشارەتكە باي .

1995 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى



www.uyghurkitap.com

# نۇردەك ياشاپ، نۇردەك ئۆتتىڭىز

(ئۆتكۇر ئەپەندىگە بېغىشلايمەن)

1

پەلەك يەنە تەتۇرلۇك قىلىپ،
ئېلىپ كەتتى سىزنى (ۋاي دەردىم؛)
يۈرىكىمنى نەشتەردەك تىلىپ،
قەبرىڭىزگە باغرى قان كەلدىم.

كەلدى يەنە كەلگۈلۈك ماڭا،
(پېشكەللەرنىڭ قۇچقى كەڭرى؛)
ياغدۇرسامۇ تىلەكلەر ساڭا،
مەن تەرەپتە تۇرمىدىڭ تەڭرى.

ھەسرەتلەرنىڭ سالمىقى ئېغىر،
ئېسەدەيدۇ ئەنە تاغۇ تاش.
ھەر ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكى يېغىر،
ھەر گەۋدىدە چۈشۈك ئەزىز باش.

2

ھېكمەتلەرنىڭ كانى ئىدىڭىز،
دىلدا قالدى يۇلتۇز، يۇلتۇز ئىز.

سىز بۇغدانى ئانام دېدىڭىز ،
دانا ئوغلان دېدۇق سىزنى بىز .

ئوتقاش قىلىپ يۈرەكنى دائىم،
يورۇتتىڭىز يوللارنى تۈندە .
ئۈيقۇسىدىن يەرنىڭ يەپ ۋايىم،
تولۇلدىڭىز جاراڭلىق ئۈندە .

زېمىن ئۇلۇغ، زېمىن مۇقەددەس،
كېلەلمەيدۇ يالغان قېشىغا .
سىز سۆيدىڭىز زېمىننى بىئەس،
زېمىن سىزنى ئالدى بېشىغا .

ياشىدىڭىز ، شۇنداق شائىر بوپ،
پىغان يۇتۇپ، نۇرلار تۆكتىڭىز .
كور كۆزلەرنى نۇرلاردا ئويۇپ،
نۇردەك ياشاپ، نۇردەك ئۆتتىڭىز.

1995 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى تورى ئادرېسى

## سەپەر كۈيلىرى

**1**

تۈپرىقىڭغا قويغاندا قەدەم،
گۈلتاج بولدى بېشىمغا ئاسمان .
ئاي تۇتقۇزدى قولۇمغا قەلەم،
نۇردىن پۈتتى سەن بەرگەن داستان .

ئۇيۇق دەسسەپ كېتىپ بارىمەن،
دەۋرەپ كەتتى شوللىلار پۈتۈن،
گۈل بەرگىدىن ھۆللەر ئالىمەن،
گۈللەرگە كۆي بەرگىنىم ئۈچۈن .

دۇپپۇلدەيدۇ يۈرىكىم ھەيران،
چۈنكى تىلسىم سۆزلەر ئالدىمدا.
ئۆزگە سۆزلەر غېرىپ ۋە ۋەيران،
ئېغنايدۇ قۇياش باغرىمدا .

شۇنچە ئۆمرۇم گۈلدەك سولۇپتۇ،
يولۇم چۈشمەي ئەجەبمۇ ساڭا.
شۇ ئۆمرۈمنى بېرىپ تۇرۇپتۇ،
خۇلقۇڭ چۈشكەن باغلىرىڭ ماڭا .

چىمەنلەرنىڭ قالدى شۇئىرلاپ،
دېدى، بىزدىن سۆيگۈ ئال، شائىر.
سادالاردىن قالدىم پىچىرلاپ،
كۆزلىرىمدە كارامەت ھازىر.

دىلدەك يارقىن كۈندۈزلەر ھامان،
كۆرستىدۇ ئالتۇن تەختىنى،
بۇنداق ھېسلار چاغلاردىن ئامان .
ئاپتاپ تۆكەر ئەسلىي تەپتىنى .

بۇلبۇللارغا ئايلانماي بۇندا،
ئاياغ ئىلىپ يۈرمەك بەك قىيىن .
ھەر قەدەمدە ئېيتمساڭ ناخشا،
تاپقان ئىشقىڭ بولىدۇ ئىيىن .

كۆرك ئىزدەپ كۆركەملىكلەردىن،
يۈرگەن ئىدىم ئېسىرىم تۇتۇپ .
قۇدرەت بولۇپ مەڭگۈ مۇستەھكەم،
مەيلىمنى ھەم ئالدىڭ سەن ئۇتۇپ .

ئەمدى قىسسە سىنىڭ توغراڭدا،
ئۇزلۇقمۇ سەن، مۇھەببەتمۇ سەن .
كۈي دېڭىزى دولقۇن ئۇرغاندا،
كۈي بوپ ياغاي قۇچىقىڭغا مەن .

2

باغلار ئىچرە قالدىم تەمتىرەپ،
ياپراقلاردىن ھەم سورىدىم يول .

ئالملارنى مەڭزىڭمدۇ دەپ،
پۇتاقلارغا ھەم ئۈزاتتىم قول .
ياپراقلاردىن ھەم سورىدىم يول .

شاختىن تامار ھەر ياققا شەربەت،
ئېغىنايدۇ ئىپارلاردا يەل .
نازلىرىڭنى تەكرارلار پەقەت،
بۇلاقلاردا چاقنىغان لەھەل .
ئېغىنايدۇ ئىپارلاردا يەل .

شۇنچە گۈزەل بولارسەنمۇ ھەي،
ئولاشتۇرۇپ گۈلنى چۆرەڭگە .
تەييار قىلىپ لەۋلىرىڭدە مەي،
چىللىدىڭمۇ مېنى بىر جەڭگە .
ئولاشتۇرۇپ گۈلنى چۆرەڭگە .

باقتىڭ كۆككە، دۇرۇلدەپ شۇئان،
ئايغىڭغا تۆكۈلدى يۇلتۇز.
دېدىم شۇندا ھۆكمىڭگە پىنھان،
يارالمىشىڭ نېمانچىلا ئۈز؟
ئايغىڭغا تۆكۈلدى يۇلتۇز .

رىۋايەتتىن چۈشتۈڭمۇ يەرگە،
چۈشتىن سىرغىپ چىقتىڭمۇ ياكى؟
ھاياجاندا ئايلىنىپ پەرگە،
بۇلۇتلارغا قوندۇم گوياكى .
چۈشتىن سىرغىپ چىقتىڭمۇ ياكى؟

غايىبلارنىڭ غايىبى ئىمىش،
دىلنى دىلغا مەڭگۈلۈك باغلاش .



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يايراشلاردىن كەلمەكتە تىۋىش،
يوق ئۆزۈمنى بىناۋا چاغلاش .
دىلنى دىلغا مەڭگۈلۈك باغلاش .

باغلار ئىچرە قالدىم تەمتىرەپ،
تەمتىرىسەم قۇت قوندى ماڭا .
تەقدىر دېگەن ئەنە شۇنداق گەپ،
شاھلىقىمنى ئۆتۈندۈم ساڭا .
تەمتىرىسەم قۇت قوندى ماڭا .

3

ئەجەب مەپتۇن باقتىڭ شائىر قىز،
تىترىمەستىن قانداق تۇراي مەن .
كىرپىكلىرىڭ بىگىزكەن ـ بىگىز،
سانجىشىغا قانداق چىداي مەن .
تىترىمەستىن قانداق تۇراي مەن .

قۇر تىزىپسەن مېنىڭ ھەققىمدە،
تۇيغۇلاردا يۈرەك چېپىشار.
بىر سۇبات بار كۆركەم قەددىڭدە،
ئىجازەتسىز ئاپتاپ يېپىشار.
تۇيغۇلاردا يۈرەك چېپىشار.

سەترلەرگە مىزانىڭ قاتتىق،
سەن تۈزمەيسەن ئۇلارنى سىيدام .
ئىكەن شۇڭا كۈيلىرىڭ تاتلىق،
ئەنجۈرلەرگە ئەمدۈرگەن قىيام .
سەن تۈزمەيسەن ئۇلارنى سىيدام .
خۇيلىرىڭدىن تۆكۈلدى دۇرلار،

ئۇقتۇم مۇنداق دېدىڭغۇ ماڭا:
گۆھەر بولۇر شائىردا قۇرلار،
سىرنى پەقەت ئېيتتىم مەن ساڭا.
ئۇقتۇم مۇنداق دېدىڭغۇ ماڭا:

ھەر سۆزۈڭدە تۇرسۇن تەپچىرەپ،
ئۇرۇپ تۇرغان يۈرەكنىڭ قېنى .
يالغانلارنى يۇمشاتما ئەيلەپ،
يالغانچىنىڭ قۇرۇسۇن تېنى .
چىن چىرايدا كۆرەي مەن سېنى .

كۆيلەيلى بىز، كۆيلەردە پەقەت،
يانسۇن ئوتقاش، چېقىلسۇن چېقىن .
تىنىقلارغا سىڭسۇن مۇھەببەت،
قانسۇن ئاڭا يىراق ۋە يېقىن .
يانسۇن ئوتقاش چېقىلسۇن چېقىن .

تاقماق تۈزۈپ ئوينىما ھەرگىز،
ماڭغان يولۇڭ ھامان تار بولۇر.
سالساڭ ئەگەر ئىز ئۈستىگە ئىز،
چىققان پەللەڭ ھامان دار بولۇر.
ماڭغان يولۇڭ ھامان تار بولۇر.

شائىر بولماق ئوڭاي ئىش ئەمەس،
يۈرىكىڭنى يەپ باققانمۇ سەن؟
تىغقا دەسسەپ تۇرالامسەن دەس؟
ئاقنى ئايئاق دەپ باققانمۇ سەن؟
يۈرىكىڭنى يەپ باققانمۇ سەن؟
كەل، كۆيلەيلى، سۆزلىرىڭ بەرھەق،



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆيلىرىمىز دۇردانە بولسۇن .
قىرىمسۇن سەزگۈلەر پەقەت،
چىمەنىمىز گۈللەرگە تولسۇن .
كۆيلىرىمىز دۇردانە بولسۇن .

4

ئەجەب تىلسىم جەنۇب تۈنلىرى،
تىلسىم، دىلدار، ئوخشار ئۆزۈڭگە .
تىمتاسلىقتۇر تۈننىڭ ئۈنلىرى،
رەڭگى تارتقان تۇتمۇت ئۆزۈڭگە .
تىلسىم، دىلدار، ئوخشار ئۆزۈڭگە .

ئالەم ـ ھېكمەت، پىچىرلايدۇ ئۇ،
ھوشلىرىمنى ھەيرەتكە سېلىپ .
ئەسەبلەردە ئويناق بىر تۈيغۇ،
ياندا قويار جىنىمنى ئېلىپ .
ھوشلىرىمنى ھەيرەتكە سېلىپ .

ۋايسىمىغىن مۇشكۈل ئالدىدا،
ئۈمىدىڭنى ئۆچۈرمە زىنھار.
پارلاپ تۇرغان روھلار باغرىدا،
سەن ئىزدىگەن مېھرىگىياھ بار.
ئۈمىدىڭنى ئۆچۈرمە زىنھار.

سەپەردىسەن، ماشايىقلىق يوق،
يولداش كېرەك، كېرەك بىر ئۈلپەت .
«تىلسىز بولغاچ شاھقا ھەمراھ ئوق،

يۇت تىلنى، كۆرمەيسەن كۈلپەت .
يولدا كېرەك، كېرەك بىر ئۈلپەت .

ھەر جانىغا جان بەر ھەر زامان،
شۇدۇر پەقەت جاندا بار قىممەت .
نامەردسەنكى، چىرايىڭ سامان،
ۋۇجۇدۇڭدا بولمايدۇ زىننەت .
شۇدۇر پەقەت جاندا بار قىممەت .

قولياغلىق ـ مەس دەقىقە ـ دەملەر،
ۋەدىلەرگە قىلما خىيانەت .
ئەجەل ئۈچۈن تىپىلماس ئەملەر،
بىتاپ بولساڭ، شۇدۇر قىيامەت .
ۋەدىلەرگە قىلما خىيانەت .

دېڭىز دۇرسەن چاكى چاك چۆلدە،
تىنماي لەپشىپ، لەڭ ئۇرۇپ تۇرغان .
كېرەك دېسە، دوست ئۈچۈن ئۆل ـ دە،
يۇرتۇڭ ئۈچۈن ھەم بولغىن قۇربان .
تىنماي لەپشىپ، لەڭ ئۇرۇپ تۇرغان .

باغلار يەنە شىلدىرلاپ كەتتى،
سابا كەتتى گۈللەرنى چارلاپ .
سۈبھى يەنە زېمىنغا يەتتى،
كۆكتە چولپان تۇرماقتا پارلاپ .
سابا كەتتى گۈللەرنى چارلاپ .



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

5

هالۋايى رەڭ يامزاللار ئۆزرە،
نەزىرىمنى چاچتىم تۇش ـ تۇشقا .
بىر قول سالدى بوينۇمغا گىرە،
ئوخشاپ قالدىم پەرۋازدا قۇشقا .
نەزىرىمنى چاچتىم تۇش ـ تۇشقا .

كۆز ئالدىمدا پايانسىز دالا،
باغلار تىنماي ئوينايدۇ ئۇسسۇل .
شائىر ئەسلي بىر سەبىي بالا،
چۇشلەر بىلەن بولىدۇ مەشغۇل .
باغلار تىنماي ئوينايدۇ ئۇسسۇل .

قەدىم يىللار ئىزنالىرى بار،
تۇپراقلاردا، تاملاردا روشەن .
نۇر نۇقتىلار كۆز ئاچار بىدار،
پاراغەتتىن سۆزلەيدۇ گۇلشەن .
تۇپراقلاردا، تاملاردا روشەن .

سەپ تارتىدۇ رەڭدار ئەسرلەر،
شان ـ شۆھرەتلەر ياسايدۇ قىيا .
پاراسەتتىن بىللۇر قەسرلەر،
تۆكۈپ ئۆتەر دىللارغا زىيا .
شان ـ شۆھرەتلەر ياسايدۇ قىيا .

تۇرلۇك ـ تۇمەن سۇرەتلەر ئالدىم،
تىخى ئۇنىڭ روھى كارامەت .
بال ئىزدىدىم، بالاغا قالدىم،

بىر ئىشتىياق تۇتتى، قىيامەت ...
تېخى ئۇنىڭ روھى كارامەت .

سۆيگۈلەرگە يۆگەپ مەن سېنى،
كۆتۈردىمۇ، چاپتىم دەر بەدەر.
ئىلھاملىرىم كۆتۈردى مېنى،
ئاسمانلارنىڭ قەھرىگە قەدەر.
كۆتۈردىمۇ، چاپتىم دەر بەدەر.

ئەي ئېسىل يەر، ئەي ئېسىل جاھان،
قېنىم بولۇپ ئاقتىڭ ۋۇجۇدتا .
تامچە كۈيۈم بولدى ئوكيان،
غۇرۇر بولۇپ ئاقتىڭ ئۇيۇقتا .
قېنىم بولۇپ ئاقتىڭ ۋۇجۇدتا .

ئەي ئېسىل يەر، ئەي ئېسىل مەسكەن،
ئۆزەڭ بولدۇڭ نار ۋە نازىمغا.
شاماللىرىڭ پۇراقلىق ئەسكەن
مەرغۇل بولدى مەڭگۈ سازىمغا .
ئۆزەڭ بولدۇڭ نار ۋە نازىمغا .

6

قايناق رەستە، باز ـ بازلىق بازار،
ئۇچراپ قالدىم ئۇشتۇمتۇت ساڭا.
سۆزلىرىڭدىن ئەس ـ ھوشۇم ئازار،
پەرىشتە بوپ تۇيۇلدۇڭ ماڭا .
ئۇچراپ قالدىم ئۇشتۇمتۇت ساڭا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئۆتتى قەرنە، ئۆتتى زامانلار،
يەنە شۇنداق تۇرۇپسەن يۇمران .
روھىغا چاڭ قوندۇرمىغانلار،
ياشنار مەڭگۈ، بولمىغاي گۇمران.
يەنە شۇنداق تۇرۇپسەن يۇمران .

بالىلىقنى سالدىڭ يادىمغا،
ئاقتى دىلدا سامان يوللىرى .
ئەپسۇن بولۇپ كىردى باغرىمغا
ئامەتلەرنىڭ پەردەك قوللىرى .
ئاقتى دىلدا سامان يوللىرى .

چىمەنلەردە گۈل تەرسەك يايراپ،
زەپ ئالدىراش چۈشەر ئىدى تۈن .
تۇمۇچۇقلار بەس ـ بەستە سايراپ،
بىزنى قالتىس قىلاتتى مەپتۇن .
زەپ ئالدىراش چۈشەر ئىدى تۈن .

سىرلار نۇرغۇن ئىدى نەزەردە،
تىلسىم ئىدى پۈتۈن تەبىئەت .
تالاي ئىشلار كىرىپ ھەزەرگە،
چۈمپەردىدىن قالغان ئەينىيەت .
تىلسىم ئىدى پۈتۈن تەبىئەت .

مانا ئەمدى غورىلار قىيام،
سىرلار تومۇر تۇتقۇزدى رايىش .
ياشلىق كەتتى، قوللىرىدا جام،
دىمەك كەتتى دىلدىن ئاسايىش .
سىرلار تومۇر تۇتقۇزدى رايىش .

قەدىناسلار جەم بولغان يەردە،
هامان جەننەت ـ جەننەتلەر پەيدا .
ئالەم پەقەت پاكلىنار تەردە،
تەرلىك ئەرگە ئەل مەڭگۈ شەيدا.
هامان جەننەت ـ جەننەتلەر پەيدا.

يېشىل چۈشلۈك، يېشىل ۋادىلار،
ئىشقىم ئاغار سەن ياققا هامان .
ئاھ، قەدىناس، سولما زادىلا،
نەدە بولساق بولايلى ئامان .
ئىشقىم ئاغار سەن ياققا هامان .

ئاق قاشتېشى، قارا قاشتېشى،
تاراشلىنار قاشتاش قولۇڭدا .
تاشچى يىگىت هۈنەرنىڭ بېشى،
نۇرلار ئاقار يۈرگەن يولۇڭدا.
تاراشلىنار قاشتاش قولۇڭدا.

ئۆركەش نۇسخا، قاينام نۇسخىلار،
چىمەنلەرنى تۇرىدۇ سۆزلەپ .
قەد كۆتۈرگەن دانىش، ئۇستىلار،
سەپەر چېكەر، ئەتنى كۆزلەپ .
چىمەنلەرنى تۇرىدۇ سۆزلەپ .

جان ئانامنى ئەسلىتىپ دەرھال،
بالىسىنى ئېيمتەر ئانا .
سىمالاردىن بولماقتىمەن لال،
سەنئەت مانا، مۇھەببەت مانا .
بالىسىنى ئېيمتەر ئانا .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەڭگۈ خۇشتار مەجنۇنغا لەيلى،
قىسسىلىرى تۈگىمەس زىنھار.
كىمنىڭ كىمگە گەر چۈشسە مەيلى،
دەسلەپ كۆزدە بولىدۇ ئىزھار.
قىسسىلىرى تۈگىمەس زىنھار.

بوۋاي ئېيتار گۆدەككە چۆچەك،
قاپلار كۆكنى ئۇچار گىلەملەر.
يۈز ئاچىدۇ شۇئان كېلەچەك،
ئاپتاپ يۈزلۈك باغۇ ئېرەملەر.
قاپلاپ كۆكنى ئۇچار گىلەملەر.

تاش قۇياشقا ئايلىنار دەمدە،
ھۈنەر دېگەن ھۆسن ـ دە، ئەرگە.
پاك ھاۋانى ئىزدىسەڭ، بەندە،
يول سال مېھنەت ئەۋجىگەن يەرگە.
ھۈنەر دېگەن ھۆسن ـ دە، ئەرگە.

8

چۆل كېپىكىم كۆزۈڭ چاراقلاپ،
باشلىرىمغا يېقىلدى تاغلار.
ئەسلىرىمنى كەتتى ۋاراقلاپ،
يۈرىكىمدە تېرىلدى داغلار.
باشلىرىمغا يېقىلدى تاغلار.

زەپمۇ قارا، ئەجەبمۇ تىنىق،
كۆزلەر سەندە بار ئىكەن ھەيھات،

بىر قارىدىلىك مۆجىزە ئېنىق،
جاھىل ھېسلار بولۇشتى بەربات .
كۆزلەر سەندە بار ئىكەن ھەيھات .

قۇش چۈشىدەك چۈشۈمنى ئەسلەپ،
قارايتتىم شۇ قارا كۆزلەرنى .
چايناپ باقتىم ياشلىقتا دەسلەپ
قارا كۆزگە ئېيتقان سۆزلەرنى .
قارايتتىم شۇ قارا كۆزلەرنى .

جۈپ ئوغلىقلىك شۇنچىلىك يۇمران،
ئۈركۈپ قارار يىراقتا يۈرۈپ .
ئايسۇلۇنى يادلىدىم شۇئان،
سىغىنىشنىڭ ئوتى لەك ئۈرۈپ .
ئۈركۈپ قارار يىراقتا تۈرۈپ .

قورقما، سېنى مارىمايدۇ ئوق،
ھەيران كۆزلەر مارىغان بىلەن .
تۈيغۇن بولساڭ بالا ـ قازا يوق،
مەڭگۈ ئەركىن ياشايسەن لېۋەن .
ھەيران كۆزلەر مارىغان بىلەن .

ئېپارلىرىڭ يەتسە ۋايىغا،
تاشلار، زېمىن ئېتەكلىرىگە .
رىزقىڭ تولۇق ھامان جايىدا،
ھەتتا يانتاق چېچەكلىرىدە .
تاشلار، زېمىن ئېتەكلىرىدە .

چۆل كېيىكىم تەڭداشسىز ئوماق،
سۆيۈملۈكسەن، ئېسىل بىر جانسەن.
جەۋلانىڭغا بۇندا مول قوناق،
ئۆزۈڭ بىر بەگ، ئۆزۈڭ بىر خانسەن.
سۆيۈملۈكسەن، ئېسىل بىر جانسەن.

9

گۈل ئىسمىلىك گۈلدار يۇرت ئەستە،
مۇشائىرە قىزىغان ئاخشام.
ماڭا سۇندۇڭ ئېسىل گۈلدەستە،
ياڭرىغاندا شېئىر ۋە ناخشام.
مۇشائىرە قىزىغان ئاخشام.

يېلىنجايدۇ شەپەق دىللاردا،
ئۇلۇغلىنار ئىزگۈلۈك پەقەت.
جاھان ـ جاھان مەنە تىللاردا:
مېھنەت ـ جەننەت، مېھنەت ـ مۇھەببەت.
ئۇلۇغلىنار ئىزگۈلۈك پەقەت.

چاقناپ ئۆتەر قالتىس مىسرالار،
كىرىپ كېلەر نەۋائىي ئۆيگە.
جىلۋىلەردە غالىب جۇلالار،
ئايلىنىدۇ مەڭگۈلۈك كۈيگە.
كىرىپ كېلەر نەۋائىي ئۆيگە.

دىرىزىدە يېپىلىدۇ ئاي،
بۈگۈن ئاي بەك دىلدارۇ دىلدار.

ئۈيدى ئۇ، كۈمۈشلەرگە باي،
تاغلار بىلەن كۆرۈشەر دىلدار.
بۈگۈن ئاي بەك دىلدارۇ دىلدار.
يۇرتى شائىر، ئۆزى ھەم شائىر،
ئاي يۇزلۇكلەر قىلدىڭلارغۇ لال.
سۈمۈ، ئوتمۇ شېئىركەن، ياپىر،
ئوتتا قالدىم، كۆيمەي نە ئامال؟!
ئاي يۇزلۇكلەر قىلدىڭلارغۇ لال.

قۇۋناپ تۇتتۇم كىلەچەككە گۈل،
گۈلدار يۇرتتىن گۈلدەستە ئېلىپ.
كۆزلىرىمگە كۆرۈندى ئۇدۇل،
يۇمران ئوغۇل ئىشتىياق سېلىپ.
گۈلدار يۇرتتىن گۈلدەستە ئېلىپ.

**10**

ھەيران باغۇ بىھشباغ، چاربىاغ،
نەزەر باغلار ھېسابسىز بۇندا.
شەربەتلەردىن قەد كۆتۈرەر تاغ،
باغ تەبىئەت ئوغۇل ـ قىز بۇندا.
نەزەر باغلار ھېسابسىز بۇندا.

يەنە چاپچىپ كەتتى ئىلھامىم،
يەنە چېقىن چاقتى قاراسلاپ.
مەيگە تولدى يۇرەكتە جامىم،
ياندى كۆزلەر يەنە چاراسلاپ.
يەنە چېقىن چاقتى قاراسلاپ.

ئەي، كەۋسەر يۇرت باغرىڭغا باستىڭ،
ئاشىقىڭنى مەيىن ئەللەيلەپ .
بويلىرىمغا بۇيۇڭنى چاچتىڭ،
ئىپار ئىچرە قالدىم مەن لەيلەپ .
ئىپارلارنى ئۆتتۇم كۆپ چەيلەپ .

سالاملاشتىم گىياھلار بىلەن،
سەممم ئۇچۇن ئىسمى ئىدى يات .
بۇيى ئەتىر، خۇيى بەك لىۋەن،
جەننەتلەرگە تەركىب ۋە نامزات .
سەممم ئۇچۇن ئىسمى ئىدى يات .

قول ئۇزاتتىم شاخلارغا ئاستا،
يامراپ كەتتى تەنگە بىر لەززەت .
ئاڭلىدىم مەن يېڭى بىر ناخشا،
تاپتىم ئۆمۈر يەنە بىر نۆۋەت .
يامراپ كەتتى تەنگە بىر لەززەت .

ناۋا ئىزدەپ كۆڭلۈم تەلپۈنەر
جان رىشتىسى تارىڭدۇر دۇتار.
دىلبەر كۈيلەر تۇغدەك يەلپۈنەر،
ئارنى ھەتتا ئالەمنى ئۇتار.
جان رىشتىسى تارىڭدۇر دۇتار.

قانداق پارلاق تاغلار ۋە ئاپتاپ،
قانداق ئوچۇق بىغۇبار ئاسمان .
ئارمانلاردەك يۇلتۇزلار چاقناپ،
يۇلتۇزلارنى باغرىغا باسقان .
قانداق ئوچۇق بىغۇبار ئاسمان .

سۈرۈكلەرنى سۈردۈم تالاي رەت،
تۈزەلمەيمەن پەيلىك تۈزەلمەي .
باغلىۋالدىڭ، سالدىڭ مۇھەببەت،
كېتەلمىدىم مېھرىم ئۈزەلمەي .
تۈزەلمەيمەن پەيلىك تۈزەلمەي .

ھەيران باغۇ بېھىشباغ، چارباغ،
نەزەر باغلار، راھەت باغلىرىم .
كۆرەلىسەم ماڭا يۈكسەك تاغ،
كۆرەلمىسەم ھەسرەت داغلىرىم .
نەزەر باغلار، راھەت باغلىرىم .

11

يۇرتلار ئارا كېلىمەن مەستخۇش،
سۈزەر كۆزگە ئىلاھىي ئىمكان .
ھەر كەڭلىكتە توقاتتىم ئەس ــ ھوش،
ھەر كەڭلىكتە بىر بېھىش پىنھان .
سۈزەر كۆزگە ئىلاھىي ئىمكان .

ئايدالىلار ئەجەب ھۆسندار،
ئاڭلىغىنا سالماقتا سۈران .
قەدىم روھلار بەكمۇ تۆگۈندار،
لەۋھەسىدە ھامان بىر ئۇران .
ئاڭلىغىنا سالماقتا سۈران .

سۆيەر بولساڭ ئانا يۇرتنى سۆي،
تىكىنىدە تىتىلسۇن يۈرەك .

كۆيەر بولساڭ، ئوتلىرىدا كۆي،
گۈزەل يوقتۇر ئۇنىڭدىن بۆلەك .
تىكىنىدىن تىتىلسۇن يۈرەك .
مەن باشقىچە كۈيلەيمەن ئەمدى،
ئالغاندىكىن باشقىچە ئىلھام .
بىر يارقىنلىق زېمىنغا كەلدى،
تۇتۇۋالاي ئۇنى مەن ئىلدام .
ئالغاندىكىن باشقىچە ئىلھام .

مۆھۈر بولۇپ بېسىلدىڭ جەزمەن،
ئۇستىخانغا، ھۇجەيرە، جانغا .
بەرگەن سۆيگۈڭ باغرىمنى كەزگەن،
ۋە قۇيۇلار قان بولۇپ جانغا .
ئۇستىخانغا، ھۇجەيرە، جانغا .

ئالتۇن تارتقان تارازىلارمۇ،
تارتالمايدۇ زەررەڭنى ھەرگىز.
ئاسمان ئاچقان دەرۋازىلارمۇ،
سىغدۇرالماس مەررەڭنى ھەرگىز.
تارتالمايدۇ زەررەڭنى ھەرگىز.

سېنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ يۈرۈپ،
سەزگۈلىرىم بولدى ئوكيان .
ھەر ياپراقتا يۇلتۇزنى كۆرۈپ،
يۇلتۇزلىرىم ھەم بولدى قىيان .
سەزگۈلىرىم بولدى ئوكيان .

1998 ـ يىل 21 ـ ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

## كەل، شائىرە

چىمەنىستان كۈيلىرىدەك كۈيلەر چاقىرار،
خۇشتار بولۇپ، ئىككىمىزنى ئوتتەك باغرىغا.
ئۇندا ھايات دەريالىرى تىنماي شارقىرار،
كەل، شائىر قىز بارايلىچۇ ئۇنىڭ ئالدىغا.

دېرىزەمدە ئوينار نۇرلار كۆز تاشلاپ ماڭا،
قاراشلىرىڭ ئايان بولدى قاراشلىرىدىن.
مەنزىل تېخى كۆپ يىراقتۇر، يىراقمەن ساڭا،
لېكىن نۇرلار كىردى ئۆيگە ئاراشلىرىدىن.

ئەسكەرتىش بار تېخى يەنە ئېنىق سادادا،
تەڭ بارمساق تەگمەس ئىمىش بىزگە نېسۋە.
شوخ شامالار قانات بولار كەلسەڭ ناۋادا،
قېنى شائىر، يوللىرىڭغا قەدەم بېسۋە.

تالاي شائىر ئۆتكەن بىزنىڭ ماكانىمىزدا،
بىرلىرىگە كېرەك، مىڭغا كېرەك بولماستىن.
ۋولقان سۆيگۈ تاشلاپ كەتكەن جاھانىمىزغا،
ئارمان جامى مەڭگۈ يىرىم، بىرمۇ تولماستىن.

بۇ قىسمەتنى چوڭ بىلمەيمىز ئىككىمىز ئەمما،
ئىككىمىزگە ھەممە نەرسە، ھەممىسى كېرەك.

سۆيگۈ دېگەن ئاچقۇچ ئىرۇر، ئالەم مۇئەمما ،
سىرىمىز يوق ئىككىمىزنىڭ بۇنىڭدىن بۆلەك .

بىز خېرىدار شۇ كۈيلەردە كۆيۈپ تۇرار جان،
كۆز رەڭگىدەك رەڭلەر بىلەن كۈتمەن سېنى .
تەڭرىلەرگە شائىر كېرەك، بەندىلەرگە نان ،
كەل، شائىرە، كۈي چاقىرار، تەلمۈرتمە مېنى .

1999 ـ يىل، ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئارمانلىق دەملەردىن ئالدىم بىر نەپەس

كۆڭلۈمنى ئەپقېچىپ ئەلەم يوق ياققا ،
ئارمانلىق دەملەردىن ئالدىم بىر نەپەس .
جۇلالىق پىكىرلەر تۇرۇپ ئاياغقا،
يېشىل تۇغ كۆتۈردى دىللاردا ھەۋەس .

قىملداپ كۈيلەرنىڭ ئۆزەك جايلىرى ،
جۇش ئۇردى قانلىرىم، يامرىدى ناۋا .
روجەكتە ئۈمىدىنىڭ ھىلال ئايلىرى،
تۇيغۇلار تۇتقۇزماس، تۇيغۇلار ياۋا ...

تىكەنلىك سۆزلەرنى ئالغىن ياندۇرۇپ،
ۋە يەنە زەھەردەك تەلەپپۇزنىمۇ .
يېپەكتەك خۇي قېنى؟ قويدۇڭ چاندۇرۇپ،
كۆيدۈرمەك ئىدىڭغۇ ھەتتا مۇزنىمۇ .

كۆڭلۈمنى ئاغرىتىپ، ئاغرىتىۋېلىپ،
تۇرسەن مېنىڭدىن تېخى كۆي سوراپ .
غۇرۇرسىز كۆي بولماس، قويغىن سەن بىلىپ،
يەل سۈرگەن بۇلۇتلار ياغالماس سويلاپ .

داغ دەيدۇ يۈزدىكى خاللارنى لېۋەن ،
مۆكۈپ ھەم چۆكۈپ ھەم ئىزغا چۈشكەنلەر .

## باغرىمسەن، باغرىمدىن ئىزدىسەڭ ئېۋەن ،
## نېمە ئىش قىلدۇ كۈنداش دۈشمەنلەر؟

1998 ـ يىل 21 ـ ماي، ئۈرۈمچى



## ئارچا شاخلىرىنى كېلمەن سۆرەپ

ئارچا شاخلىرىنى كېلمەن سۆرەپ،
يۇراقلارغا قاقىلىپ قالما .
بىر چاغدىكى چوققىغا ئۆرلەپ،
يۈرىكىڭنى ھەسرەتكە سالما .

بىر ئويلىساڭ، قىسقا ئۇ دەملەر ،
بىر ئويلىساڭ ئەسىردەك ئۇزاق .
قاپتاللاردا تاشلاپ قەدەملەر ،
بويكەتكەندۇق ھېسابسىز ئوماق .

شىشە تاشلار سۆزلىگەن قىسسە،
قارىغاتلار كەلتۈرگەن قىيام .
كۆك سۇڭگۈلەر مېغىزلار تۆكسە،
بۆلجۈرگەنلەر ئۇزىتىشقان جام ...

گۈل رەڭگىدىن رەڭگارەڭدۇرمىز ،
زەيتۇن، زەڭگەر، سۆسۈن، زەنباقى .
ئالدىمىزدا ئالەم رەناقىز ،
قولىمىزدا پەلەكنىڭ چاقى ...

بۇراق مىنىپ تېخى گاھىدا ،
مىراجىمىز چىقىپ قالاتتۇق .

يۇلتۇز سۇنسا جاۋاھىرلارنى،
تاڭ قالماستىن ئاستا ئالاتتۇق .

تىلسىم ھايات، تىلسىم مۇھەببەت،
بولغانىدى بىزدە شۇ چاغدا.
ئاسمان ئىدى ئۇۋۇمىز پەقەت،
پەرىشتىلەر قالغانتى داغدا .

ئارچا شاخلىرىنى كېلمەن سۆرەپ،
پۇراقلارغا قاقىلىپ قالما .
دەملەر گويا بۇقىدەك مۆرەپ،
چاقىرىدۇ روھلارنى ئالغا .

1998 ـ يىل 21 ـ ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىدىقۇت

بىر تالاي ئەسىرگە گۇۋاھ ئىدىقۇت ،
ئۆرۈلمەس قەلئەلەر كەتسىمۇ سىزىپ .
قەدىمىي بىر روھلار ئوقۇيدۇ دۇرۇت،
ئىشكى ئېچىلغان دىللارنى كېزىپ .
دېيىلەر: ئۆزەكسىز ھېكمەتنى ئۇنتۇپ،
ئىچ، لېكىن تۇپراقتىن تۇتىيا ئېزىپ .

كەچمىشلەر قوينىدا نۇرغۇن چىگىش بار،
ھېچكىمگە ئاي ئەمەس ئۇنىڭ سىرلىرى .
تاملارنىڭ تىلى يوق، سۆزلىمەس زىنھار،
دېمەككى، سۇنمايدۇ سىرنىڭ قىرلىرى .
يىللارنىڭ ئىزىنى قىلاي دەپ ئىزھار،
تىلسىمنى قىلىدۇ تىلسىم پىرلىرى .

ئىدىقۇت، سەن بىلەن قالدىم سۆزلىشىپ ،
بىر سۇزۇك ئۇيۇقنى بەردىڭ دەل ماڭا .
تەنلىرىڭ تېنىمگە كەتتى ئۆزلىشىپ ،
تەڭداشسىز قىسمەتلەر يار ئىكەن ساڭا .
چالمىلار ياتىدۇ كۆكنى كۆزلىشىپ ،
ئالتۇنۇ جاۋاھىر تەڭ كەلمەس ئاڭا .

يۇرەكلەر مۆھۈرى بار سەندە، ئەي، تۇپراق،
سېنى دەپ ھەمىشە بولىمىز ئادا .
ئەجدادلار ئاھىغا سالىمەن قۇلاق،
ھەر يەردىن چىقىدۇ ھەيۋەتلىك سادا .
پەخىرلەن، ئەۋلادىم، مىنىسەن بۇراق[1] ،
بالىقلار ئۈستىگە باغرىڭنى قادا .


خانلارنىڭ خۇي - پەيلى قىزىل گۈل بولسا،
قەلبىمدەك قەلئەلەر بولارمىدى گۇم ؟!
كۆزلەرگە قان تولماي، تاڭ نۇرى تولسا،
قىياقلىق چىمەننى باسارمىدى قۇم ؟!
يالغان ۋە ھەسەتلەر ساماندەك سولسا،
دىللاردا مۇز تاغدەك ئۇيۇارمىدى غۇم ؟!

ھېچقاچان تۈگىمەس كۆيدەك ئىدىقۇت،
پىژغىرىم ئاپتاپتەك قۇيۇلدۇڭ جانغا .
ھېكمەتلىك ئويلارنى سالدىڭ تېگى قۇت،
بىر ئىلھام چاپچىيدۇ تومۇردا، قاندا .
قۇياشنىڭ كۆزىگە قارىدىم مەزمۇت،
ئۇندا سەن چۆكۈپسەن دەريايى شانغا .

ئىدىقۇت، ئىدىقۇت،
ئەزىز ئىدىقۇت ،
ئۆلگەن بىر ئەسىرنى تىرىلدۈردۈڭ سەن .
ئىدىقۇت گۈزەلى ئاق چېچەك مەرغۇپ،

كۆڭۈللەر تۆرىگە تىزىلدۇردۇڭ سەن .
ئالىي بىر نەسەبتىن يايراپ كەتتىم خوپ،
نەزمەمنىڭ كۆكىگە كۆتۈرۈلدۇڭ سەن .

1996 ـ يىل 28 ـ سېنتەبىر، تۇرپان



① پەيغەمبەرنىڭ ئېتى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## ئۆزۈم ئۈچۈن ئۆزۈم پۈتكەن دۇئالار

تاغدەك ھەسرەت يۈدۈپ تۇرۇپ ئۆشنەڭدە،
تاغدەك تەمكىن كۈلەلىسەڭ باتۇرسەن .
گۈلنىڭ پەيزى كۆرك بېرىش گۈلشەنگە ،
يوقنى تاپساڭ ئىجادكارسەن، تاپقۇرسەن .

قەرزدارسەن تۇپراققا ھەم، نۇرغا ھەم،
قايتۇرمساڭ ئۆسەر تىنماي ئۆسۈمى .
قېرىنداشلار قەرزى تېخى بولدى جەم،
ئېچىپ ئېيتسام بۇ چىنلىقنىڭ يوسۇنى .

مىليون يۈرەك كۆتۈرگەننى كۆتۈر سەن،
ئاسمان بىلەن جەڭ قىلشساق بول چوققا .
يېتىم تىرناق تەمە ئۆسسە يېتتۇرسەن،
يېكىرلىرىڭ ئوخشاپ تۇرسۇن دەل ئوققا .

ۋال ـ ۋۇل نىقاب ياراشمايدۇ ئەپتىڭگە ،
ھەپىرەڭگە ھەيۋەت بەرمەس قورام تاش .
تەڭ كەلمىسۇن ھەر قاندىقى تەپتىڭگە،
ھۆرىلەرنىڭ قاتارىدا سەن قولباش .

چۇقانلارغا سالما قۇلاق، بۆلمە ئوي ،
ئۆز يولۇڭنىڭ بېشىدا بار مىڭ جەننەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يورۇقلۇقنى قارغىغانغا بەرمە بوي،
يورۇقلۇقلا شائىر سۆيگەن يار پەقەت .

1994 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى



## تۈن تىۋىشلىرى

**1**

ئايئاق قارلار يۈلتۈز بولۇپ ياغقان بىر كۈنى،
باستى بىزنى ئامەتتەكلا ئۈزۈن قىش تۈنى.
شۇدەم ھەممە ئاق چېچەككە پۈركىنىپ راسا،
چۈشۈپ كەتتى غەم دېگەننىڭ ئىچىگە ئۈنى.
كۆكرەكلەردىن ئۇچتى كۈيلەر مىڭ بۇلبۇل بولۇپ،
قاراپ قالدى ئاق سۆيگۈگە زېمىن ئەلكۈنى.

چۈشلىرىڭنى تۆكۈۋەتتىڭ يوللارغا ئەركىن،
ئاتار تاڭلار رەڭلەر تۈزدى بىمالال، تەمكىن.
مىليون كۆزلۈك ئاسمان سىغدى دېرىزىمىزگە،
ئالىيدۇ قارا سايە يىراققا غەمكىن.
ئىزلىرىڭدا ئاق گۈللەرنى نۇرغۇن ساندىم،
ۋۇجۇدۇڭدىن كۆردۈم روشەن ھەسرەتنىڭ تەركىن!

قۇچاقلىدۇق تەبىئەتنى ئاشىق بىز ئاڭا،
سىڭدى تەنگە يېڭى ئىقلىم ـ كەۋسەر بىر ھاۋا.
دەل ـ دەرەخلەر ئوخشاپ قالدى قىزغا ئاق ياغلىق،
بەلكى ئۇ ھۆر، بەلكى ئۇ نۇر، بەلكى ئۇ ئانا.
گىرىمسەننى چۆل ـ چۆل قىلدى چېقىن روھلىرىم،
يۇيۇنماقتا قۇتلۇق ماكان، يۇيۇن ئەي دۇنيا.

ساگا تالىق كۆيلىرىم بار ئانا تەبىئەت،
مۇھەببەتنىڭ بەدىلى دەل يەنە مۇھەببەت .
سۆيۈپ قويسام پېشانەڭگە ئاران بىر قېتىم،
بىلدىم مېنى ئۇلۇغلاپسەن ئەبەدىلئەبەد .
ئازار يەتسە بىر تال گىياھ، بىر تال زەررىگە،
قوغلاپ يېتەر بىزنى چوقۇم تاغلاردەك ھەسرەت .

بېجىرىم بول كەڭلىكلىرىم، بېجىرىم بول يار،
مەزگىلىڭدە چېچەكلىگىن، ياغقىن ئاپئاق قار.
ھەر نەرسىنىڭ ئۆزى سۆيگەن باردۇر ھېكمىتى،
ھەر نەرسىكى ئۆز ھەددىدە دىلدارۇ دىلدار.
نازۇك ئىبرۇر تەبىئەتنىڭ تىلسىمات كۆڭلى،
بىر قېپقالسا ئالالمايسەن زىنھارۇ زىنھار.

2

ئەيىبلىرىڭ ئۈچسۇن يەلدە باسسۇن ئۇنى قار،
ئۇنىڭ ئۈچۈن دوست كۆڭلىدە مەڭگۈ ئەپۇ بار.
پارلاق زەررە دوملىسۇن قار پومزىكسىمان،
باغلارغا رەڭ ئېلىپ كېلەر گۈزەل گۈلباھار.
تال ـ تال كۆچەت تىكىپ قويدۇڭ ئىبرىق بويىغا،
ياپراقلارنىڭ تومۇرىدا قانلىرىڭ تارار.

سىلاپ قويدۇڭ بىر سەبىينىڭ بېشىنى بۈگۈن،
ئاتىسىنى كۆرگەن ئىدىڭ چۈنكى تۈنۈگۈن .
شۇنىڭ بىلەن ئىبرىپ كەتتى ئىبرىمەس تاغلار،
قايسىدۇركىن بىر يۈرەكتە يېشىلدى تۈگۈن .
شۇ يېشىلىش شولىسىدىن ئاپتاپ پېشانە،
بىزلەر ئۈچۈن كېلىدىغان ئەتە ۋە ئۆگۈن .

يانغان كۆنىلنىڭ كۆزلىرىدە يېڭىلمەس ھايات،
يانغان دىلنىڭ كۆزىنكىنى باسالمايدۇ دات.
ئىشتىياقسىز كۆڭۈل دېگەن سەرسان ھەر چۆلدە،
غورۇسى يوق ئىشكىلەرنى قاقىدۇ مامات.
قانداق ھىدنى ئەپكىرسىمۇ ئۆيگە شامالالار،
ئۆز ھىدىدىن ئايرىلمايدۇ ئۇلۇغ ئېتىقاد!

3

قەدىردانىم، جانىجانىم، ئانا تۇپرىقىم،
سېنىڭ ئۈچۈن ھەر نە جايدا، ھەر نە بولمىقىم.
سەپەر قىلسام ئۆشنەمدىسەن، يۈرىكىمدە سەن،
كۆلكەم سەندىن، بەختىم سەندىن، سەندىن سولمىقىم.
ئالەمدىكى بارچە شورنى شورايمەن تىنماي،
پېشانەڭنىڭ ئۈچۈقلۈقى مېنىڭ تولمىقىم.

يىلتىزىمسەن، يۇلتۇزۇمسەن، ئوغۇلمەن ساڭا،
بىر مۇھەببەت، بىر قۇدرەتنى بەردىڭ سەن ماڭا.
قېنىم بىلەن سۇغىرىمەن ھەر بىر گىياھنى،
ھەر سۆز قەسەم، ئېيتىپ باقسۇن تۆۋرۈكۈم مانا.
ئۈچقۇر ھېس ۋە تېرەن ئويلاپ تۇغۇلار سەندە،
ئارقا سۆيەر يۆلەنچۈكۈم، بېشىمغا پانا!

4

تۇردۇق ئۇزاق ئۇندىمەستىن تالنىڭ تۆۋىدە،
(ئۆزى يوقكەن دەپمۇ قالدىم تۇتقان ئۆيىدە.)
تۇرمۇش دېگەن چىگىش نېمە تۇيغانسەن بەلكىم،
مىكىرلەرنىڭ تەركىبى يوق سۆيگۈ كۈيىدە.

يوپۇرماقلار سۆزلەر ئاستا پىنھان رىۋايەت،
ئارمانلىرىڭ چاقناپ ئۆتەر بۇلاق سۈيىدە .
قىممىتىڭنى تاپالمساڭ ئۆزگە يۇرەكتىن،
قۇل بولغىنىڭ خەيرلىشىپ ئەسلىي قىممەتتىن .
بولمىغاندا ئوت سەزگۈنىڭ ئەكس ساداسى،
قانداق قىلىپ دىل يورۇسۇن پىتىر ھىممەتتىن .
مۇڭ باسقاندا قايتقىن دائىم سەبىيلىكىڭگە،
غەمسىزلىكىڭ مىڭ بىر ئەلا يالغان ئىززەتتىن .

5

ئىزدىگىنىم يەر ـ زېمىندىن تامام تېپىلدى،
تېخى يەنە كۆپ مۇرادىنىڭ يۈزى ئېچىلدى .
پەقەت سېنى تاپالمىدىم غەمسىز بالىلىق،
بۇ ۋۇجۇدۇم ئالەمئارا كۆز بوپ چېچىلدى .
چىغىر يوللار، سوقما تاملار، قومۇش قاشالار،
سېغىنىشتىن كۆزلىرىمگە ئوت بوپ بېسىلدى .

سەندىن قالغان ئالتۇن ئىزلار بارمۇ، نەدە؟ دەپ،
چىمەنلەردە ياتتىم ھېرىپ، ئارمىنىڭنى يەپ .
ئۇپۇقلارنىڭ قۇچىقىدا يالقۇندەك ياندىم،
تەمە قىلدىم سەن توغرۇلۇق غايىبلاردىن گەپ .
ياكى يۇلتۇز، ياكى ئاي بوپ قوندۇڭمۇ كۆككە ،
ئىختىيارسىز كۆك قەرىگە باقسەن ھەدەپ .

6

ئۆگدەكىنىڭ تاغلىرى باستى قەددىمنى،
ئەسلىرىم ئۇچىماقتا تىلسىملار ئارا .

پارلاق رەڭ بەلگىلەپ قويدى ھەددىمنى،
يۇلتۇزدەك ئۇ كۆزلەر ئالدىمدا مانا .
چاقنايدۇ يىراق يەر ئاسمىنىدا ئۇ،
يىراقتا مەن بۇنى سېزىمەن ھامان .
مۇقەددەس بىر تىۋىش بەرگىنىدە ئۇ،
تىۋىشلەر ئىچىدە كېزىمەن سەرسان .

چېچەكلەر سۆزلەيدۇ قالتىس رىۋايەت،
گىياھ يەپ پەرىگە ئايلاندى دەپ تاش .
مىكىرسىز ئالەملەر گۈزەلدۇر غايەت،
ھەركىمگە تىلتۇمار يۇتىدۇ قۇياش .

كۈيلىرىم يالقۇنغا تۇتىشار شۇندا،
ياشلىرىم دەۋرىتەر يېشىل بىر دېڭىز.
ئەجەب بىر بەختنى تاپتىم مەن بۇندا،
گۈللدى بىردەمدە قاقشال بىر يىلتىز.

بىر كۆكلەم ئەۋەتتىم باغلىرىڭغا دەپ،
توختىماي قاقاقلاپ غوۋغا قىلسەن .
كېلسەن ئامەتنىڭ ئوتىنى يۈۋلەپ،
ئامەتسەن، ئامەتنىڭ ئۆتكۈر تىلىسەن!

ھارغىنلىق ۋە زەخمەت چىرماشقان تەنگە،
ھاياتلىق سۈيىنى قۇيدۇڭغۇ چۈشلەر.
يېڭى تاڭ كىرمەكتە ئۆيۈمگە ئەنە،
ئۇندا يوق ۋەھىمە، ھەسەت يۈركۈشلەر.

7

دەھشەتلىك خىياللار ئەزۋەيلەپ راسا،
تىزگىنسىز قىيادەك باسقاندا مېنى .

بەرھەق ۋە تالاشسىز شۇنچە كەڭتاشا،
بۇلۇتلار باغرىدا كۆردۈم مەن سېنى .

ئۈنلىرىڭ جاراڭلىق ئېنىق ۋە تازا،
ئاجايىپ ناخشىلار ئېيتىپ بارىسەن .
بىر شادلىق يۇلقۇنۇپ قىلدۇ سازا،
ئىزدىگەن نۇرلارنى دەرھال تاپىسەن .

قايقارا تەشۋىشلەر بولىدۇ غايىب،
پەلەككە يېتىدۇ مەن چىققان چوققا .
تاغلاردىن قاڭقىغان سادا ئاجايىپ،
ئوخشايدۇ تۇيۇقسىز سۆزلىگەن ئوققا !

ھاياجان دەستىدىن تارتالمىدىم تىن،
ناۋاغا ئايلاندى دىل ئۈۋشلىرى .
سەن بىر كۈي، سەن گويا ھېكمەتلىك ئېقىن،
كەتمىگىن، قۇلاقتىن تۈن تىۋىشلىرى .

8

مىڭ كۆڭۈلنى ئوۋلاپ كەلدىم مەن بۈگۈن،
بىر كۆڭۈلدىن مىڭ كۆڭۈل كەڭ سۇ ئىچتى .
ئەنسىرىدىم مىڭ بىرىنچى كۆڭۈلدىن،
ئەنسىرىدىم بۇ كۆڭلۈمگە.غەم چۈشتى .

يارىسى بار كۆڭۈل ئىدى ئۇ كۆڭۈل،
ئېقىپ تۇرغان تىپداش قېنى تەپچىرەپ .
ئەم بولمىدىم نېمىشقا مەن ئۇنىڭغا،
كەتتىمۇ يا ئېتىقادىم ئەسكىرەپ؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

مىلك بىرىنچى يىغلاپ تۇرسا ئەلەمدىن،
مېنىڭ مىڭنى ئۇۋۇلغىنىم چىن ئەمەس.
ئەم بولمىدىم نېمىشقا مەن ئۇنىڭغا،
قېنى ۋىجدان، قېنى يانغان ئەقىل ـ ئەس؟

مىلك بىرىنچى، مىلك بىرىنچى قەلبىمدە،
سېنىڭ دەردىڭ ئەمدى ئوڭاي دەرد ئەمەس.
ئەم بولمىدىم نېمە ئۈچۈن مەن ساڭا؟
قېنى ۋىجدان، قېنى يانغان ئەقىل ـ ئەس؟

9

ئۆكۈنۈش چالۋاقاپ يەيدۇ جېنىمنى،
بۇ بەلكىم ئەقىلدۇر، بۇ بەلكىم ۋىجدان.
ئەسلەشلەر كۆيدۈردى لايىقا قېنىمنى،
باغرىمنى داغلىدى ھەسرەت ۋە پىغان.

ئۇزۇن ھەم، قىسقا ھەم مەن ماڭغان يوللار،
پۈكەلمەي قاقشىغان بەل ۋە تىزىمنى.
تارمۇيا كەڭمۇ دەپ مەن ئالغان سوللار،
ئۆرۈيمەن ـ چۆرۈيمەن باسقان ئىزىمنى.

قايسى غۇنچە، قايسى گۈلنى سۇغاردىم؟
كۆكبېشى قويغاندا مېنى يازمىشىم.
پەرۋازىم قاي چاغدا كېتىدۇ پەسلەپ؟
قاي تۇشتا يۈز بەرگەن يولدىن ئازمىشىم؟

كىملەرنى كەچۈردۈم قانداق سەۋەبتىن؟
كىملەرنى يوللىدىم دوزاخقا، سوتقا؟

شامالنى ئالمەن قايسى تەرەپتىن؟
كىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تاشلىدىم ئوتقا؟

سوراقتا تۇرىمەن ھەر كۈن ـ تۈن بويى،
مەن ئۈچۈن كەچۈرۈم، ئاقلىغۇچى يوق .
يار بولسۇن ھەر كىمگە دانىشلار ئويى،
چولا يوق ۋەزلەرگە ئۆمۈر ئاتقان ئوق !

10

مەھەللىمىز شامالباغ قۇراق چاپان بەئەينى،
تۇرغۇنلىرى بىر خىللا رەڭگارەڭدۇر خۇي ـ پەيلى .
قىيا ـ چىيا ھەمىشە يېتىشمەيدۇ تىنچلىق،
دەيمىز: ئاخىر ئامالسىز قۇلاق كەتسە ھە، مەيلى .

بىز قالساق مەيلىغۇ قۇلاق بىلەن كەتمەستىن،
بۇ دۇنيانىڭ غوۋغاسىن ئاڭلىمىغان مىڭ ياخشى .
شاماللارغا ئېسىل يەم زىغىر چاچقان ئۆسەكلەر،
ئاڭلىمايمىز بەرىبىر داپ چالسىمۇ مىڭ باخشى .

قايناپ كەتتى بىر كۈنى ئاقساقاللىق دانامىز:
ئېلىپ چۈشۈپ ئاسماندىن بۇلۇت بىلەن يۇلتۇزنى .
پاكلىقنى ئۇلارنىڭ، ئۇزلۇقنى ماختىدى،
يەنە شىپى كەلتۈرۈپ ئاپتاپ بىلەن كۈندۈزنى .

ھاۋا سۈزۈك، سۇ سۈزۈك، كۆزلەر ئىچكەن نۇر سۈزۈك،
بۇ نېمىلەر نېمىشقا بولالمايدۇ بىر تۈزۈك .
نېمىسىگە نېمە يوق، يېتىشمەيدۇ قايسى كوي ،
كۆكتىن پەرى چۈشسىمۇ ئون قولىدا ئون ئۈزۈك؟

كىم بولمىسا شۇنچىكى يامىنىنى سۆزلەيدۇ،
قۇرۇق قالماس نەشتەردىن بۆشۈكتىكى سەبىي ھەم.
يېرىلسىمۇ پېشانەڭ ئاللا ئۆتمەس گۇناھ شۇ،
نېمە يەتمەي ئازسەن، ئېيتچۇ، قېنى كالتە پەم!

بىرىڭ ماڭساڭ كەڭ يولدا تاشلاپ ئەمدى كەڭ قەدەم،
بىرىڭ كېلىپ ئارقىدىن تۇيدۇرماستىن چالسەن.
بىرىڭ تىككەن كۆچەتلەر تىلغا كىرىپ گۈللىسە،
بىرىڭ كېلىپ ئۇنىڭغا چويۇن چەمبەر سالسەن.

ئورا كولاپ تىنمايسەن، ئايۋان سالغان يېرىڭ يوق،
دەز تاپقاندا، ئاراش دەپ، جار سالسەن ئالەمگە.
ئۆگەتكەنگە مىلتىقنى سۇربەتلىنىپ ئاتتىڭ ئوق،
سېنىڭ نېمەڭ يەتمەيدۇ ئوخشاش ئۇچۇن ئادەمگە.

ئوقتەك يېغىپ سوئاللار، ئېكەكلىدى جېنىمنى،
مۇنكىر ـ نەكىر سوئالى بولسا بولار شۇ سۈپەت.
يېتىشىدۇ بۇ يەردە ھەممە نەرسە ئەي ئاتا:
يېتىشمەيدۇ پەقەتلا بىرلا نەرسە: مۇھەببەت.

11

قەدەھلىرىڭ كۈمۈش ئىكەن، مەيلىرىڭ ياقۇت،
كىمگە تۇتماق ئىستەيسەنكىن ئۇنى ئەي رەنا.
چوققىلارغا ئوخشاپ قالدىڭ ئاق قارلىق، مەزمۇت،
تۇرۇشۇڭدا باركى جەزمەن بىر چوڭقۇر مەنا.

كىمگە تۇتساڭ تۇتقىن ئۇنى بۇزمايمەن يوسۇن،
ئەمما تۇنجى خېرىدارىڭ مەن، بىلگىن سەن شۇنى.

قاچقانلارنى قوغلاش بىزگە مەڭگۈلۈك ئۇدۇم ،
ئاغزى كۆيگەن پۈۋلەپ ئىچەر ھەتتا سوغ سۇنى .

ئوتتۇز ئوغۇل تۇرۇپتىمىز تەمەلەر گۈلخان،
بۇ تاۋكادا بىز ھەممىمىز ئۇتساقلا دەيمىز.
خان ئەركسى بولسا تاڭنىڭ ھەمشە چولپان،
سەن شۇ تاپنىڭ ئەركسى سەن، پەرىشتە ئەي قىز.

ئۆتتى كۈنلەر، ئۆتتى كۈيلەر، بۇ دۇنيا چەمبەر،
بەندىلىك شۇ ھەر قەلبتە ھاكىم ئۇنتۇلۇش .
كۈمۈش قەدەھ ئەمدى مەندە، مەنىدىدۇر كەۋسەر،
ساڭا ئۆتتى مەندىن تەمە ھەمدە تىنك تۇرۇش .

**12**

سايلەردىن كۈمۈش بەندىلەر ،
ئۆپچۆرەمدە بار ئىدى تالاي .
يانار ئىدى تاڭسۇق مەدەنلەر ،
لەۋلىرىمنى تامشىتاتتى ئاي .
تاج كىيگۈزەر ئىدى ئەرەنلەر ،
تىگىشمەيلا قالاتتىم ئايھاي .

ئاقار ئىدى كۆڭۈللەر بال بوپ،
باشلاپ ئۇنى ئۈلگۈرەلمەيتتىم .
تولغىناتتى تالايلار تال بوپ،
تاك قالاتتىم، ئۈندىيەلمەيتتىم .
ھەپرەڭلەر ئۆزگەرسە ھال بوپ،
مەيلى دەيتتىم، كۈنلىيەلمەيتتىم .

تاشقان دەريا كۈيلىرى ئىدى،
تىكىن چوقا شۆھرىتىم بەرھەق .

غەملىرىمنى دىلدارىم يېدى،
يۈكسەك ئىدى يۈلتۈزۈم مۇتلەق.
غايىب ئاۋاز كۆپ قېتىم دېدى:
تەڭرى سېنى تۇرىدۇ يۆلەپ.

داۋانلاردا مەن قالدىم يالغۇز ،
جەڭ يۈزىدىن كۆچكەندە رەڭلەر.
دەلۋە تىقتى ئاغزىمغا كۆك مۇز،
ھەپسە بولدى قورسىقى كەڭلەر.
سۇندى قولۇم، چېچىشتى كۆپ تۇز،
يوشۇرمىدى دارايى يەڭلەر.

تاڭلاي چېكىپ تاڭمۇ قالمىدىم،
ئەسلىي شۇنداق دۇنيادىكى ئىش:
خورلۇقلارنى بىرلا يالمىدىم،
كۆكلەم بولدى شۇئان سۆرۈن قىش.
ئاخىر شۇنداق دەستۇر تاللىدىم:
چۈش دېگەن چۈش، ئەمەس ھەرگىز چىش!

13

سۆيگۈگە سۆيگۈ مەن ، باغىمدا مۇز يوق،
سەبىيگە سەبىيمەن نۇردەك پارلىغان.
كۆي بەرسەڭ كۆڭلۈمگە جىنىم تەسەددۇق،
شەنىڭگە ئەقدەم مەڭگۈ ئارمىغان.
خۇيۇڭنى خۇي ئۈچۈن ۋەكىل سايلىدۇق،
(قالمىدى بىرمۇ باغ ئىزدەپ بارمىغان.)
قىدىرىپ يۈرىمەن خۇشبۇيۇڭنى گۈل،
ھەم ئىبسىل كۈلكەڭنى سۆيۈملۈك دىلدار.

كۆزلىرىم تۈنلەردە يۇلتۇزدۇر يۈتكۈل،
شەپىلەر بېرىدۇ، بۇلجۇتماي بىدار.
«قورام تاش كۈلمەكتە ئېگەم سەنمۇ كۈل ،
تىلىگەن بەختىلەر كۆرسەتتى دىدار.»
تەشەككۈر سىلەرگە ئەي پەرىشتىلەر،
يولۇمدا يورۇقلۇق تۆكتۈڭلار ئەجەب .
باغلىدىم سىلەرگە ئالتۇن رىشتىلەر،
ھەربىرى بىر ئالتۇن ئالەمكەنغۇ دەپ .
ئالتۇننى تاۋلايدۇ ھامان كۈشتىلەر،
(ئالتۇندەك بولۇشنى نېسىپ قىل يارەب!)
قۇلاقتىن قۇيۇلغاچ يۈرەكلەرگە بال،
ئۈنلەردىن مەن يەنە ئالدىم كۆپ ھايات .
ئىزغىرىن سايىلەر تىترىدى غال - غال،
قالتىس بىر ھەيۋەتكە قالدى بۇ مامات .
بىر تۈنش بولسىمۇ ئىزگۈلۈك دەرھال،
ياراتتى پەرۋازدا ئۈپرىماس قانات .

**14**

دىرىزەمنى چېكىپ قالدى ئاي بۈگۈن ئاخشام،
مەندىن ئاگا نېمە كېرەك، قانداق بىر سادا؟
زۇغۇيلارنىڭ كۆزى بىلەن ساماغا باقسام،
ئوت يۇلتۇزلار يىغىلىشىپ بوپتۇ بىر پادا .
يىراقلاردىن ئاڭلانماقتا ئۈنتۈلغان ناخشا،
دىل يايرايدۇ يايرىماسلىق بولغاندا ئادا .
پەرىشتىلەر ئۆتتۈشمەكتە ئالدىمدىن رەڭدار،
قاناتلىرى تېگەر تامغا، ھاۋاغا، جانغا .

ئەن سالىمەن ھەر بىرىگە بول دەپ تەشرىپدار،
ئۇي سالىمەن ئۇيلىرىغا تول دەپ جاھانغا .
سۆيگۈ يۇيغان كەڭلىكلەردە مەن بار، روھىم بار،
يىلتىز ئىرۇر چۇنكى قۇياش ئەزەلدىن قانغا!
تۇرتۇپ چىقار تاملىرىدىن خۇشبۇي ئارچىلار،
ئۆزىسىمان بۇيۇكلەرگە توقۇشۇپ داستان،
ياپرىقىدىن تەپچىرەيدۇ كەۋسەر تامچىلار،
ھەر بىرسىدە چاراقلايدۇ بىر بىللور ئاسمان،
ئۆڭگەكلەرگە بىر قولىدا مىڭ بىر قامچىلار،
تاغدەك ئىغىر مەنىلەرنى باغرىغا باسقان!
يولدا تاشلار جاۋاھىرغا ئايلىنار شۇندا
تاپىنىمدىن ئۆتەر يەل بوپ ياۋنىڭ ئەپسۇنى .
ئوغۇز سۇتتەك جاھان پەيدا يىغىدىن بۇندا،
ھەممىمىزنىڭ تىلىگىنى، مەڭگۈ مەپتۇنى .
قىڭغىر ماڭغان نىيەتلەرنىڭ مەنزىلى گۇندا،
بىزنى تاۋلار تاغ - داۋاننىڭ بوران - چاپقۇنى .
چۆمۈلىمەن تۇيغۇلارغا ئۆمرۈمدە ھەر كۈن،
ئوخشاپ قالار ئەزىز كۆڭۈل ئاپئاق چېچەككە .
بولسا دەيمەن ئاق شولىلار ھەمىشە كەلكۈن،
زەھەر تىللار يۆگىلىپ شۇ تۆمۈر پېچەككە .
يىشىلمىسە، تىل تىغىدىن ساق تۇرسا ئەلكۈن،
چوققىدىكى قارغالداقلار چۈشسە ئىتەككە .
دىرىزەمنى چېكىپ قالدى ئاي بۈگۈن ئاخشام،
قالدى بەلكىم خۇي - پەيلىمنى بۇ قېتىم بىلىپ .
باسقۇن قىلغان ھوشلىرىمنى يىلىنجاپ ئىلھام
يول بەرمىگەن جاندارلارنى تىغىدا تىلىپ .

ئەي ئىزگۈلۈك سىنىڭ ئۈچۈن قولۇمدا زەرجام،
يۈرىكىمنى ئىشىكىڭگە قويىمەن ئىلىپ!

15

مەخمەلدەك قىرغاقتا يۈرسەن يالغۇز،
ئاي بىلەن يۇلتۇزدىن مېنى سورايسەن.
گۈپۈلدەپ يۈرايمەن تەنلىرىم يالپۇز،
قاراڭغۇ سەزگۈڭنى نۇرغا ئورايسەن.
مۆجىزە كەڭلىكلەر ئالار ئىپسىڭنى،
ۋە يەنە خىيالغا چۆكۈپ كېتىسەن.
ئالەمدەك ۋەزنى بار رەڭدار ھېسسىڭنى،
چۈشۈڭدە كۆتۈرۈپ ماڭا يېتىسەن.
مەن ئېگىپ تۇرىمەن بېشىمنى بەلكىم،
تۆكۈلەر كۆزۈمدىن كۆزۈڭگە ھەسرەت.
تىلەيسەن شۇ چاغدا ئۈيقۇنىڭ تەركىن،
كېتىسەن ئەيشىڭدىن خىلىلا پەسلەپ.
كىمگىدۇر سۆزلەيسەن چۈشۈڭنى ئۆرۈپ،
بىرەر دەپ ياخشى ۋە يېڭى بىر تەبىر.
(قالسىمۇ كۆڭۈللەر بىر ھازا يورۇپ،
غايىبنى سۆزلىمەك گۇناھى كەبىر.)
ئاسماندا نەي چالار تۇرنىلار گاھى
قالسەن خىيالدا قولۇڭنى بۇلغاپ.
دەيسەندە نەدىكىن ئانا دەرگاھى،
كېتىدۇ قەلبىڭنى سېغىنىش چۇلغاپ.
سۆيگۈلۈك تۇيغۇلار قاينام ۋە قىيان،
ھەممىنى كۆيدۇرەر، يارىتار يەنە.

ئالەمدە ھېچكىمنى يېڭەلمەس ھىجران ،
ئاشۇنداق تۇيغۇلار قىلسا تەنتەنە .

16

مەنمۇ بار، سەنمۇ بار، تېخى ئۆلمىدۇق،
يېتىشمەس ۋە لېكىن ماختاشقا ھىممەت.
ئەقلنى سەزگۈدىن تېخى بۆلمىدۇق،
مەن ئەرزان، سەن ئەرزان، ئۆزگىلەر قىممەت .
ئىسمىمنى ئاتايسەن يىرگىنىپ تۇرۇپ،
ۋەزنىمنى سامان دەپ بىلسەن پەقەت،
مونچاقنى داڭلايسەن تىنماي دەم ئۇرۇپ .
كۆزۈمنى سۆكسەن ياغدۇرۇپ لەنەت .
مەن يازغان سەترىلەر ياقمايدۇ ساڭا .
ئۆزگىچە جۆيلۈشتىن ئالسەن «مەدەت»
تەڭرىدىن گەر ۋەھيي كېپ قالسا ماڭا،
تەن ئالماي ئۇنىمۇ دەيسەن بىر «بىدئەت» .
مەن چىققان چوققىنىڭ تەرىپى ئويمان،
مەن تەرگەن گۈللەرمۇ جەزمەن خارۇخەس .
ئۆزگىنىڭ گىياھى چايقالغان ئورمان ،
ھېكمەت ۋە ئىپارغا چۇلغانغان پەۋەس .
كېسىلگەي قېرىنداش، بۇ چىغىر يوللار،
توزۇغاي باشلاردىن بۇ مەشئۇم قىسمەت .
بىز تىرىك چاغلاردا چىرماشسۇن قوللار،
پارلىسۇن قەددىمىز، يانسۇن مۇھەببەت .

17

كۆكرىكىمدە يۇرىكىم ئۇرۇپ تۇرغان چېغىمدا،
مېنىڭ مۇلكۇم تالاشىسىز تەڭدىشى يوق ئالتۇن تاڭ .

ئاڭا گۈللەر تېرىلغان كۆڭلۈمدىكى بېغىمدا،
قونالمايدۇ بەرگىگە شۈبھىلەردىن چاڭ ـ توزاڭ .

نومۇرلىرىم تۇتاشتۇر كۆلكىسىگە دائىما،
ملىڭ ئەسرىگە تەڭ بەلكى مىڭىڭ مۇشۇ بىر كۈنۈم .
قاچماق بولغان ۋاقتىنىڭ مەن بارمايمەن رايىغا،
ئۇچار ملىڭ يىل بوشلۇقتا
بىر كۈندىكى ملىڭ ئۇنۇم .

چۈنكى مەن بۇ بىر كۈندە تالاي كۈنگە ئېرىشىپ،
تالاي كۆزنىڭ يېشىنى ئىشقىم بىلەن قۇرۇتتۇم .

ئېسىپ قالسا زۇغۇي يەل،
زۇغۇي بىلەن قېرىشىپ،
ملىڭ دوستۇمنىڭ ئەيىبىن بىر تىنىقتا ئۇنتۇدۇم .
شۆلگىيمدىن ساقايدى تالاي يامان يارىلار،
سۇنۇق دىلغا دىلداشمەن،
قايغۇ كېلىپ باسقاندا .
ئايتاپ هامان دۇنيادا مۇھەببەتتىن تارىلار،
ياپراقلارنىڭ كۈيلىرى قوندى ئۆرلەپ ئاسمانغا .

## 18

بارىكاللا، دوستلىرىم، قېرىنداشلىرىم،
بار سىلەردە ئاجايىپ مىجەز.
بىر كۈن ئاقساپ قالسام تۇيۇقوم چۆچۈپ،
داۋراڭ سالىسىلەر ملىڭ كۈن ئۇرۇپ جەز.
ئۇچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن ئۇچتۇم ئاسماندا،

سەيياريلەرنى ئېتىپ ئوينىدىم .
ئاق ــ قارا بۇلۇتلار قولياغلىقىم بولدى،
بەلكىم ئۇ يەردە ھېچنېمىنى ئاياپ قويمىدىم .

سامانيولى تۇتاشتۇرۇپ قويدۇم دېرىزەمگە،
ئاق ئېچىلغان ئۆرۈكلۈمگە تولۇن ئاي ھەيران .
قۇتۇپ كېچىلىرى سىرلىرىنى سۆزلىدى ماڭا،
ئۇچار تەخسىلەر ۋەسلىمگە يېتەلمەي ۋەيران .

قالتىس بىر مۆجىزىلەرنى ياراتتىم چامامدا،
ئېغىزلارنى ھاڭ ئاچۇرىدىغان .
شادلىنىدۇ دەپتىمەن ئىرقداشلىرىم
مېنىڭ ئۇچۇن ئالۋاستىلارنى قاچۇرىدىغان .
كۈتكەنلىرىم غايىب بولدى ئۇيۇقتىلا،
ئۇنتۇدۇڭلار
ئۇچۇش،
پەرۋاز،
قانات .
ئاسمان، دېگەن سۆزلەرنى پۈتۈن،
شائىرانە ساددىلىقىم ھەيرەتتە قويدۇڭ مېنى،
تامىقىم ئىششىدى،
يۈرىكىم ئىششىدى،
ئۇمۇندۇم قاتتىق،
ئىچىمۇ تۈتۈن،
تېشىمۇ تۈتۈن .

19

دېرىزەمنىڭ ئالدىدا، تاڭ پەيتىدە،
ياندۇ ئىككى يۇلتۇز،

ئىككى دۇنيا .
كۈيلىرىم،
شېئىرلىرىم،
سۆيگۈلىرىم
ياندۇ تونختىماستىن
ئۇندا گويا .
ئۇ باشلاپ كىردى ئۆيگە پەرىشتىدەك،
قايغۇسىز ،
تاپقا چۈشمەس ياشلىقىمنى،
مەن ئۇنى قۇچاقلىدىم،
سۆيۈپ كەتتىم
بىلدۈرۈپ ئاڭا مەڭگۈ
ئاچلىقىمنى .

ئېرىشتىم تىلسىمسىمان كەڭلىكلەرگە،
ھەر زەررە بۇندا بەلكى يارنىڭ تېنى .
ھەر قەدەم
بىر شادلىققا
ئىشىك ئاچۇر ،
ئەي ئاجۇن،
دەردىڭ قېنى؟
غېمىڭ قېنى؟

ئېرىمە، ئەي يۇلتۇزۇم، ساقىپ كەتمە،
تۆكمەستىن ھېسلىرىمنى قويۇپ ئالاي .
ۋاراقلىسام
كىتابىسەن
بەتلىرىڭدە



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

مەن بىلمىگەن
ھېكمەت بار
تالاي ـ تالاي.

1998 ـ يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى



# زوردۇن سابىرغا مەرسىيە

1

بىر ھەسرەتتىن بىر ھەسرەتنىڭ سالمىقى ئېغىر،
يەنە ئاپئاق چېچەكلىدى تاغلىرىمدا تاش.
قارا قىسمەت قاراسىدىن يۈرەكلەر يىغىر،
ئېگىلدى ئاھ، شاھ ئالدىدا ئېگىلمىگەن باش.
بارمۇ بولدۇم، يوقمۇ بولدۇم قەددىم پۈكۈلدى،
تۈيماقتىمەن، يوپۇرماقتەك تىترىمەكتە يەر.
تالاي بۇلاق كىرپىكىدىن ئۈنچە تۆكۈلدى،
ھايات گۈزەل، مامات دېگەن دەھشەت نەقەدەر ...
يۇمۇلۇشقا يارالمىغان كۆزلەر يۇمۇلۇپ،
قارغىشلىرىم بولدى بوران، دەۋرىگەن دېڭىز،
سوغۇلۇشقا يارالمىغان نۇرلار سوغۇلۇپ،
مۇھەببەتلىك كۆڭۈللەردە سۆرەلدى ئېڭىز...
جاننى ئالار ئادا يەللەر ئابرالدىن ئەسكەن،
يۇلتۇزنى مىڭ قايتىلاپ، غەمكىن سوراقلاپ.
قايرىلدى بىس قۇيۇچنى ۋە ئالماسنى كەسكەن،
سۇندى قىلىچ زۇلمەتلەردە يانغان چاراقلاپ.

2

ۋاراقلايمەن... يۇمران، سۇزۇك، سۆيۈملۈك دۇنيا،

ۋۇجۇدلاردىن يېتىپ شەپەق، تۆكۈلەر گۈللەر.
ئارمان دېگەن كۆلكە تۆككەن بىر بۇلبۇلگويا،
يار قارىشى قاراشلاردا پىژغىرىم ھۆللەر.
سۆيگۈ ئۈنگەن تۇزلەڭلەردە ئىپارلار قىيان،
ناۋا بولۇپ ئاقار بۇندا سۆيگۈسىمان تاڭ .
ھەر زەررىدىن ھەر زەررىگە يەتمەيدۇ زىيان،
روھ دېگىنىڭ چاقناپ تۇرسا نەگە قونار چاڭ .
سوقماقلارنىڭ دەۋەتلىرى قالىدۇ قېتىپ ،
تۈز يولدىكى مەغرۇر ئىزلار سۆزلەيدۇ داستان .
لەھەل بولار زىچ پورەكلەر كۆكسىنى ئېچىپ،
شوللىلاردىن بەرپا قىلار يۇلتۇزلۇق ئاسمان .
كۆلۈپ كېتەر ھۆسنى تولغان ئانا سەھرالار،
سېھىرلەيدۇ تولۇنئاينىڭ چۆمۈلۈشلىرى .
ئۆز ئىسمىنى ئېيتىپ تۇرار مىڭ خىل گىياھلار،
تاڭ قىلىدۇ يۇرتنىڭ نۇرغا كۆمۈلۈشلىرى .
ئانا تىلنىڭ جىلۋىلىرى قالتىس بىر قۇدرەت،
ھەر بىر سۆزدىن ئىشلىگەندۇر بىر ئالتۇن رىشتە .
ھەر نۇقتىدا پارتلاپ تۇرار يېڭى بىر جۇرئەت،
بەزىلەرگە قوشنا بولار دائىم پەرىشتە .
ۋاراقلايمەن، يېيىلىدۇ ئالتۇن قەلبلەر،
كۈنگەيگىمۇ، تەسكەيگىمۇ ھاكىمدۇر ئاپتاپ .
لاۋۇلدىغان ئارزۇلاردا پۇتمەس جەلپلەر،
تۇرار بۈگۈن ئېتىكىدە ئەتىلەر چاقناپ .

3

خانبالىقتا ئۆتكەن كۈنلەر ئالتۇن رەڭ ئىدى،
قەلىمىڭىز بىر تىنمىغان ئويناقلاپ تايدەك .
ھېچكىم بىلمەس سىرنى خىزىر بىر سىزگە دېدى،

سىز چۈشۈرگەن شوخ سۈرەتلەر پارلايدۇ ئايدەك .
سەزگۈلەردە بىر سەبىيسىز ، بىر گۆدەك بالا ،
سەبىي بولۇپ كۈلۈپ تۇرغان سىزگە بۇ ئالەم .
ئەركىلىدى سىزگە ھەردەم سىز كۆيگەن دالا ،
رەڭدار چۈشلەر ، سۈزۈك سۆيگۈ ، نۇرلار مۇجەسسەم .
ھايات قويغان سوئاللارغا بەردىڭىز جاۋاب ،
ئوچۇق - يېپىق بەيگىلەردە ئۆزىڭىز مۇتلەق .
ئانا تۇپراق ، ئانا يۇرت چۈن باغرىڭىز كاۋاپ ،
شائىر دېگەن كۆرەشتىدۇر ھامان يەكمۇ يەك .
ئۆمرىمىزنى كۈنگە بۆلۈپ ، پۇلدەك پارچىلاپ ،
خەجلەپتىمىز ، خەجلەپتىمىز تۈگىمەيدۇ دەپ .
مانا ئەمدى ۋەسلىمىزنى دەھشەت قامچىلاپ ،
ئايرىۋەتتى سىزنى بىزدىن قالدىم ئېسەدەپ .
تەڭرىتاغدەك كارامەتلەر يارىتىپ ئۈنسىز ،
خوش دېمەستىن كەتتىڭىزمۇ بىرلا تىنىقتا .
سىزنى ئىزدەپ تاپالمىدىم ، غۇرۇرۇم گۇنسىز ،
پەلەك مېنى بوغنۇقتۇردى ، قىلدى دىمىقتا ...

1998 - يىل ، 16 - ئاۋغۇست ، ئۈرۈمچى

## يېڭى يىل ئىلھاملىرى

1

پېشىگە ئېسىلىپ ئاستا ماڭ دېسەم،
ئۇچقاندەك سوڭىغا ئەكەپ قويدى يىل .
بۇ ئۆمۈر قىسقا دەپ غەم ـ قايغۇ يېسەم،
تولغىنىپ قالدى ئاھ، ئوتتا بىر تال قىل .
قۇرغۇيۇم ئۇچۇپتۇ قولۇمدىن بىلسەم،
نەدىدۇر قوندىقى، نەدىدۇر مەنزىل .

2

كېپىنەك ياغماقتا، كېپىنەك تون كۆپ،
يارىشۇر گەر كىيسەم بۇ نىسپىي تۇندە .
كۆزنەككە قارايمەن سىنلارنى ئۇلگۈپ ،
يەر ـ جاھان تووۋلايدۇ بىر تىلسىم ئۇندە :
ئاسمانغا تۇرىمەن مۇھەببەت پۈركۈپ،
يۈرىكىم سۈرىتى كۆرۈنەر كۈندە .

يۇلتۇزلار شۇرمەللەپ ئاقار توختىماي،
شولىلار دەۋرەيدۇ قىيان ۋە قىيان .
كېلىشىم تاپماقتا ئۇيۇقتا چىراي
باقمىساڭ باغرىڭغا، زوقۇڭغا زىيان .

قەدەم ۋە دەۋەتلەر ھامان گۈلئاراي،
دىللاردا سىرلار يوق ئەمدى يار، پىنھان .

3

ئۆيلەردىن ھورسىمان كۆتۈرۈلەر كۈي،
پەرىشتە قانىتى ئۈندىكى قانات .
قۇلاقتا قۇيۇلار مۇقاملار خۇشرۇي،
كۆزلەرگە تىقىلار يوللاردا ھايات .
كىشىگە كۆرسەتكەن دىلكەشلىك خۇشبۇي،
ئۇزلۇقتىن چاقنايدۇ ھامان كائىنات .

دوقمۇشتا بىر ئىللىق كۆزلىشىپ ئۆتتۈم،
كېيىك كۆز، كېيىك تەن بىر جانان بىلەن .
دىلىغا مېھىر ۋە ئىشتىياق تۆكتۈم،
گەزلەشتىم يېپيېڭى بىر جاھان بىلەن .
بەخت تاپ دېدىمۇ بەھرىگە چۆكتۈم،
يولۇمغا يۆنەلدىم نۇر جاھان بىلەن .

4

ئۈمىدسىز يۈرمىدىم، ئۈمىد دېگەن مىخ
قېقىلغان سۆڭەككە، كىرگەن يۈرەككە .
چىمەننى كۆرسەتتى كۆزۈمگە ھەر بىخ،
مىلڭ ئورام كۈچ بەردى تېخى بىلەككە .
ئەتىگە ئۆتكەندە ياغاچ بولار چىغ،
قۇدرەتلەر قۇيۇلار ھامان تىلەككە .

پېچرلاپ كېلمەن، كۆڭۈللەر تولسۇن،
ئوڭۇڭدا ئاي تۇغسۇن، سولۇڭدا چولپان .
ئاتماقچى تاڭلرنىڭ ھېسابسىز بولسۇن،
(دوستلىرىم ـ قەلبىمگە يېقىلغان گۈلخان!)
ئىمەنلەر كۆكىرىپ، ئەمەنلەر سولسۇن،
قاراڭغۇ باغلىرىم شەربەتكە تولغان!

5

ئەمادەك سىيپايمەن تام ۋە تاللارنى،
ھېسلىرىم سىڭگەن يەر نەقەدەر ئەزىز.
خىزىرغا قارايمەن ئاقباش چاللارنى،
بۇنداقتا كەلگەن ئوي نەقەدەر لەزىز.
ئەتلەر ئېچىلغان... يوقات پاللارنى،
تاغدىمۇ، تاشتىمۇ باغجانلايمىز بىز.

زىغىرلاپ تۇرىمەن ھەربىر زەررىنى،
چىقمەن ئۇلارغا بىردىن ئات قويۇپ.
يار لېۋى دەيمەنكى گۈللەر بەرگىنى،
باققان كىم ئالەمدە لەۋلەرگە تويۇپ .
بۇ زېمىن ـ تەقدىرنىڭ دىلغا تەرگىنى،
كىم ئۇنى قادىركەن ئېلىشقا ئويۇپ؟

6


ئىنتىلىش ئىلكىدە باقتىم يىراققا،
ھەر نۇقتا ئۈستىدە دېڭىز ھاياجان .
ئەلۋان رەڭ يۆگۈردى يەردە سىياققا،
تاۋۇسقا ئوخشىدى دەشتى ـ باياۋان .

ملك تەزىم ھەر بىر تال ئۆگمەس قىياقتا ،
تۈيغۇلار دەريادەك دەۋرەيدۇ ھامان .

*          *

پېشگە ئىبسلىپ ئاستا ماك دېسەم،
ئۇچقاندەك، سوگىغا ئەكەپ قويدى يىل .
ئىلھام بار، قايغۇم بار ناۋادا يېسەم،
تەئەججۇپ ئىچىدە لال بولماقتا دىل .
يېڭى تىن ئىپپكىپلەر يېڭى يىل بىلسەم ،
قامىتى كۆپ لېۋەن، خۇي ـ پەيلى ئىبسىل .

2002 ـ يىل ، 26 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى



# قۇياشنىڭ باغرىغا سىڭىپ كېتىمىز...

1

تىۋىندىم، ئەڭ پاكىز ھېسلىرىم ياندى،
ئالەمدە مۇقەددەس بۇت بولدۇڭ ماڭا .
ئۇ ھېسلار ئالدىدا ئۆزگە ھېس چاندى،
ھېچقاچان، قېرىماس قۇت بولدۇڭ ماڭا .

مەن بالدۇر چېچەكلەپ خۇشبۇي گۈل ئاچتىم،
بەيگىدە نىشانغا قاددىم تۇغ ھەم .
تېتىكلىك تىنىقى ـ يۇراقلار چاچتىم،
يىغلىماس نۇرلارنى يىغقۇچى ھەردەم .

تېگىرقاپ تۇرسەن، سەن تېخى يولدا،
يېپيشقاق ئويلارنىڭ تورىدا تامام .
بەتلىرى سارغايغان دەستۇرۇڭ قولدا ،
پەرۋازلىق قاناتنى كەسكۈچى ھامان .

چاقىردىم مەن سېنى، ساھىبجامال قىز ،
دىلىمۇ ، تىلىمۇ كەتتى تەڭ بالقىپ .
ھەممىگە كۆنۈپ بېغىر باسساق بىز ،
چىقالماي قالىمىز بىر ئىزدىن ھالقىپ .

بىلىمەن، ئالسەن ماڭا يېتىشىپ،
ئۈپۈقتا توختايمىز ماڭغان پېتى بىز.
نۇر بىلەن مەڭگۈگە باغ ـ باغ ئېتىشىپ،
قۇياشنىڭ باغرىغا سىڭىپ كېتىمىز.

2

باھاردەك ئېچىلىپ تۇرساڭ ئېڭىمدا،
مۆجىزە كۆرستەر سۆيگۈ ـ ئەنگۈشتەر.
گۈللەرنىڭ كۈلكىسى ھەربىر تېڭىمدا،
ھەر دېمىم جەۋھىرى، گۆھەر ۋە گۆھەر.

سەجدىنىڭ نۆۋىتى سېنىڭكى دەيدۇ،
باش قويۇپ پۇتۇمغا، باش قويماس قۇياش.
ئۆلۈمۇ ئۆمرۈمنىڭ غېمىنى يەيدۇ،
بولسىمۇ ئەمەلىي، ئەبەدىي بۇلاش!

يەلكەمگە قونىدۇ ئالتۇن يۇلتۇزلار،
تەئەللۇق بولىدۇ جىلۋىسى ماڭا.
دېرىزەم ئالدىدا ھېسابسىز ئىزلار،
يۈزلەنگەن بولىدۇ قىبلىسى ماڭا.

مىڭ چىگىشلەر، مىڭ مۇشكۇلات ھەل،
ئامەتلەر كىرىدۇ ئىشىك ـ تۈڭلۈكتىن.
توققۇزۇم، ھەتتاكى ئوتتۇزۇممۇ تەل،
مىكرىسىز قالىدۇ شەيتان مۆڭلۈكتىن.

بىر پارلاق بوشلۇقتا تۇرۇپ قالىمەن،
نۇر ئاققان يۈرەكنى يېيىپ ئالەمگە.

ئەسرلەر كار قىلماس سەبىي بالىمەن،
(ئەڭگۈشتەر نېسىپ بول ھەر بىر ئادەمگە .)

3

ئاۋازىڭ ئاڭلاندى، ئۆزۈمگە كەلدىم ،
قايتۇردى چوققىلار مەغرۇرلۇقۇمنى .
بىلمىگەن بولغىيدى خالايىق بەلكىم،
بۇنىڭدەك خۇشخۇي بىر ئوغۇللۇقۇمنى .

يوقاتقان ھېكمىتىم ئەمدى تېپىلدى،
ۋۇجۇدۇم سەزگۈگە بولدى يەنە باي .
شاھى تون ئۈستۈمگە يەنە يېپىلدى،
ئەركىلەپ قارىدى يەنە تولۇن ئاي .

سېھىرلىك كۈينى باشلىدى ھايات،
باشقىدىن ۋاللىداپ ياندى زەررىلەر.
ناۋالار ئۇزاتتى روھىمغا ناۋات،
قوشاقلار ياڭراتتى يۇمران بەرگىلەر.

قايتىدىن كېپ قوندى ئۇچۇپ كەتكەن قۇش،
يەم ئېلىپ قىللارغا قويمىسامۇ دام .
سۇغاردى ئېسىنى تۇغۇچ ھەمدە ھوش،
شولىدەك ئېرىدى قەلبىمدە ئىلھام .

ئاۋازىڭ ئاڭلاندى، ئۇ بىرەر پەقەت،
ئۈمىدتىن، سۆيگۈدىن، بەختتىن دېرەك .
تەشنا بىز ئۆزئارا ئەبەدىلئەبەد،
ئاۋازىڭ مەن ئۈچۈن يىتمەسلىك كېرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

4

ئۆزىمىز سۆزلەشمەيمىز ئوچۇق - يورۇق،
ئۆتۈنۈپ سۆزلىشىشنى كۆزىمىزگە .
ھەممىنى سۆزلەپ بولدى ئۇلار تولۇق،
دېمەككى، نۆۋەت كەلدى ئۆزىمىزگە .

يۈرەكنىڭ قاتلىرىنى ئاچقان ئۇلار،
ئۆزئارا سىر تۆكۈشۈپ سۆزلەشكەندە .
پاراڭنى ئۆزگە ياققا چالغىتمايلى،
يۈرەكلەر ئاللىقاچان ئۆزلەشكەندە .

ئېيتايلى، سوڭغى مەقسەت، سوڭغى سۆزنى،
تۈزىنى بىلىپ تۇرۇپ، يول ئەگىتمەي .
يالقۇنلار يېلىنجاتقان ئىككى كۆزنى،
دەم ئالسۇن دەيلى، ئۇلار بىر سەگىگەي .

يېتىنىپ ئېيتايلىچۇ دىلدىكىنى،
دېمەككى، نۆۋەت كەلدى ئۆزىمىزگە .
بىباھا دۇردۇن بولۇش پەيتى كەلدى،
بىپەرۋا قاراپ يۈرگەن بۆزىمىزگە .

1998 ـ يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## تولۇن ئاينىڭ يۈزىدە ...

تولۇن ئاينىڭ يۈزىدە يېزىقلار بار، بىر كىتاب،
يېزىقلارنى پەقەتلا بىز ئىككىمىز بىلىمىز.
يېزىقلاردا سۆيگۈ بار، يېزىقلاردا بار ئاپتاپ،
ئۇندا پەرى، ئۇندا گۈل، تەنها بىزنىڭ خىلىمىز.

تولۇن ئاينىڭ يۈزىدە يېزىقلار بار، بىر كىتاب،
يېزىقلارنى پەقەتلا بىر ئىككىمىز بىلىمىز.
يېزىقلاردا تۇرىدۇ ئالەم چاقناپ، نۇر چاقناپ،
ھاياتتىكى يوللاردا بىزمۇ چاقناپ كېلىمىز.

دەۋر قىلىپ تولۇن ئاي كۆك ئاسماننى ھەر سۆيسە ،
يېزىقلارنى ئوقۇيمىز ھاياجانلار ئىچىدە .
ھايات دېگەن ھاياجان، ھاياجانلار كۆپ بۆسە،
ئايغا يازدۇق سىرلارنى ھاياجانلىق كېچىدە .

شىلدىرلايدۇ جىگدىلەر، شىلدىرلايدۇ ھېكمەت بار،
يېنىۋاتقان كۆزلەرنى كۆر دېيىشەر يۇلتۇزغا .
جۇپلەشكەن لەۋ، جۇپ قەدەھ، رەڭگى مىسلى بىر ئانار،
بوستان چاچلار قاپقارا، دەھشەت سالار قۇندۇزغا .

باللىقتەك بىباھا، يۇمران، پاكىز تۇيغۇلار،
مەڭگۇ پارلاق مەنزىلنى تەييارلىغان بىر قەدەم .

ئوتتەك يانغان تالاي تۈن، ئۆچكەن تالاي ئۇيقۇلار،
قەسەمسىمان ھەربىر سۆز، ئەسىرسىمان ھەربىر دەم.

كۆزنەكلەردىن ئاققان نۇر نەشتەر كەبى قاراشلار،
ئاياغلاشماس ئۆرتىنىش، يۈرەك ئۆزى ئوت گويا.
رەشك دېگەن سۆيگۈدۇر، سۆيگۈدە يوق ئاراشلار،
سۆيگۈ چىققان كوچىنىڭ پەقەت ئۆزى بىر دۇنيا.

شەپەق سىنىڭ، كۈن سىنىڭ، شولا سىنىڭ، تاڭ سىنىڭ،
كۈندۈز سىنىڭ دېيىشىپ يورۇقلۇقنى بۆلۈشەر.
ئازغۇن بولۇپ كور ئامەت كەلسە، ئاپەت دەپ مىنىڭ،
بىر - بىرىنىڭ يولىدا جان بېرىشلەر، ئۆلۈشلەر.

دەۋرەپ تۇرغان ۋۇجۇدتا بار ئىشقتىن تۇغۇلغان،
چۈشتەك گۈزەل تىلسىمات، ئايدەك نۇرلۇق بۇتناشلار.
بىر زەررە شان باققاندا مىڭ زەررىگە بوغۇلغان،
چەكسىز كەتكەن سۆيۈنۈش، چەكسىز كەتكەن قۇتلاشلار.

قۇۋناق، ئىجىل ئۆتكەن كۈن خاسىيەتلىك ھاياتتا،
دىل ئەمرىنى تۆككەن شاد دىل يىلتىزلىق جۈپ كۆزلەر.
كۆزلەر سۆيگۈ سۆزلىگەن، قول ئورنىدا قانات بار،
تۈگىمىگەن خۇشاللىق، تۈگىمىگەن كۆپ سۆزلەر.

بىر - بىرىگە ئىنتىلگەن تالا - تالا نۇرلاردەك،
ئىنتىلىشىپ، زارىقىپ، تەلمۈرۈشۈپ ئۆتۈشلەر.
ھېسسىز قاتقان تۈمەن يىل قورغانبېشى، تۇرلاردەك،
بەلگە قىلغان يەرلەردە دەردى شېرىن كۈتۈشلەر.

ئانا قۇياش باغرىدىن جان ئالغاندەك جاندارلار،
بىر - بىرىدىن ئۆزئارا نۇر - ھارارەت ئېلىشلار.

يول بىر غۇلاچ، ئۇزىتىش ملىڭ غۇلاچتۇر ساندارلار،
دېرىزىنىڭ ئالدىدا خەيرلىشىپ قىلىشلار.

زەھەر يۇتۇپ نامەردتىن هارام بولسا هالال ئىش،
يۇرەك سىلىپ يۇرەككە ياندا مەزمۇت تۇرۇشلار.
ئىپار يەللەر ئىسىشكەن باهار بولغان قارا قىش،
گۇلدەك يېنىپ چاراسلاپ تولۇن ئايدەك تولۇشلار.

تاڭ پەيتىدە كۆرگەن چۈش، مەستخۇشلۇقتا كەلگەن ئوي،
هىجران تۈنى چالغان كۈي، ۋىسال تۈنى ماڭغان يول.
نىگاهلارنىڭ قىتىدا پەي بوپ قاتقان چويۇن بوي،
جەننەت قۇچاق ئىچىدە كۆككە يەتكەن قىسقا قول.

يىراق تۇرسۇن پەرىشتەڭ، يىراق تۇرسۇن ئاسمانلار،
چالغىتالماس هېچ نەرسە بىر تىلسىمدىن ئويلارنى.
بىر تىلسىمنى كۈيلەيدۇ مەندە جىمى داستانلار،
بىر كۆلكەمدىن تاپسەن ملىڭ كېچىلىك تويلارنى.

دېگەن پارلاق دەستۇرلار ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلاش،
تىلەش مەڭگۇ بىتىنىم يۇرەكلەرگە سۇزۇك قان.
ئەقىلدىكى ئىش ـ ئەمەل كەمتۈكلەرنى تولۇقلاش،
سۆيگۈ مەڭگۇ هاكىم بول، بېجىرىم بول ئەي ئىنسان.

1991 ـ يىلى 19 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## ئەقدە

مەن تېخى تاقەتتىن ۋاز كەچكىنىم يوق،
سەن دېگەن دوقمۇشتا تۇرىمەن كۈتۈپ .
ھەر سۆزۈڭ كىرىچتىن ئۈزۈلگەن بىر ئوق،
ماڭالايغا قىسمەتنى قويغان چىڭ پۈتۈپ .
بىر دەملىك يادىڭغا ئۆمرۈم تەسەددۇق،
سەن ياغقان چىراغلار قالمايدۇ ئۆچۈپ .

شۈركۈنلۈك شۇئىرغان دەۋەتلەر گويا،
تۇرىدۇ قۇلاقتا ھەردەم قۇيۇلۇپ:
«يىتكەنلەر يوقالدى، ئاشۇنداق دۇنيا،
جۇلغۇنۇپ تۇرىدۇ ئۆمۈر سويۇلۇپ .
يېڭى بىر كۆرپەزلەر، بىر ئالتۇن قىيا .
ئالدىڭدا، يۈرمىگىن ئەمدى ئۈيۈلۈپ ...»

سەن يۈرگەن يوللاردا كېلىمەن يالغۇز،
چىقمايدۇ ئىچىمدىن ئاشۇ بىر سادا .
كەچمىشلەر شېرىندۇر بەئەينى بالمۇز،
سۆيگۈلەر ئاسماندىن قۇيۇلغان يادا .
قىياغا چىقمايمەن، قېشىڭغا ئالغۇز،
قىزغىنىش، ھىجراندىن بولايلى ئادا .

ھەسرەتلەر قاينايدۇ،
چاپچىيدۇ پىغان،
ئالەمدە ئەستىلىك تەگرى نەقەدەر.
ئۇ قىلار ھۆسنىڭنى ماڭا ئارمىغان،
ئىزلىرىڭ مەھكەمدۇر،
ئىزدەي دەربەدەر.
سەرۋىلەر بەرگىدە ئىپار چاڭقىغان،
قولۇڭنى ماڭا سۇن!
ئەكەل،
ماڭا بەر.

2001 ـ يىل، 14 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## كۆيگەن جان

ئەنجۈرلۈك باغلارنى ۋاراقلاپ ئۆتتۈم،
ئالتۇندەك ۋاراقلار سۆزلىدى سىنى .
چاۋارغان تاغلارغا ھاياجان تۆكتۈم،
سۆيگۈنىڭ ھەسرىتى قىيىندى مىنى .
ئۇيقۇسىز تۈرۈپمۇ چۈشلەرگە چۆكتۈم،
جۆيلۈپ باق، شائىرىم، بىلجىرلا قىنى .

نۇر ئاققان دەريادا شۇرمەللەر زەيتۇن،
قىرغاقنى يالايدۇ دولقۇنلار ئۈركۈپ .
كۆركلەر كۈلگەنگە يۈرىكىم مەپتۇن،
گۈللەرنى ئالمەن
بۇژغۇندىن ئۈلگۈپ .
ھىدىڭدىن يامرىدى دىماغقا كەلكۈن،
دىۋىلەر ئۆتكەنمۇ ئىپارلار پۈركۈپ؟

شۇ شەھلا كۆزۈڭدىن تۆكۈلەر شولا،
ئۇندىكى ھېكمەتنى تۈرىمەن ئۆرۈپ .
يارەنلەر باشلايدۇ پۈتمەس غۇلغۇلا،
چالۋاقاپ چارراھتا ئەلەملەر چۆرۈپ .
قىسمەت بىر بولسىمۇ يىشمى تولا،
تۈرىمەن زىمىندا ئاسماننى كۆرۈپ .

يۇلتۇزنى ئۆتكۈزۈپ ئالتۇن زەنجىرگە،
تىلتۇمار سىڭارى ئاستىلىڭ بويىنۇمغا .
كۆڭۈل باشلاپ ئەينەكسىز غۇۋا پەنجىرگە،
ئاي سالدىڭ مەڭگۈلۈك ھەپسە قوينۇمغا .
كەپىلەر ① ئايلاندى بويچان كەندىرگە،
مىلىڭ خىل ئوي قويۇلدى بىر خىل ئويۇمغا .

ھاكاۋۇر قىيالار ئۈستىدە يالغۇز،
مۇئەللەق كەڭلىكتە دەم تۇرۇپ ئۇزاق .
بۇنداقتا كەلگەن كۆي بىجىرىم يالپۇز،
بۇنداقتا پەيلىنى ئۇنتۇيدۇ تۇزاق .
سۈرۈلگەن تۇيغۇلار ئوغۇز ۋە ئوغۇز،
چىرىگەن دەرەخلەر تاشلايدۇ قوۋزاق .

خىيالىم بەھرىدىن ئۆتسەڭ بىر كىچىپ،
ئالدىمدا يۇز ئاچار يېڭى بىر دۇنيا .
تىرىكلىك سۈيىنى ئالىمەن ئىچىپ،
تىغىمدا بوي تارتار مىلىڭ مىھرىگىياھ .
چىقمەن يىللارغا ئادىل تون پىچىپ،
ئىگىمغا كىرەلمەس سىياھ ۋە رىيا .

2001 ـ يىل، 11 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

① كەپە ـ بۆرە تاۋۇزى، ياتما غوللۇق ئۆسۈملۈك .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ھايات، سۆيگۈ، تەبىئەت، تۇپراق

1

دان ئۆلمەي، چاچرىشىپ كۆز تارتمايدۇ بىخ،
جان ئۆلمەي، دۇنياغا كۈلۈپ كەلمەس جان .
بەدەلسىز كۆكرىش، غايىۋى ئىشق،
بىر زەررە ئىزگۈلۈك، بىر زەررە ئىمان .

ھېسابسىز تىننقنىڭ سانى بار بىراق،
ئاخىر بىر تىننقتا ئۆچەرمىز جەزمەن .
ھايات بۇ دىلدارلار پەرلىگەن چىراغ،
يورۇقى ئالەمنى بىسوراق كەزگەن .

بىر پۈتۈن سەييارە ھەر بىر دەقىقە،
بىرىنى بىرىدە كۈتمەيدۇ زىنھار.
مۆھۈرۈم چۈشسىلا ئۇ بىر ۋەسىقە،
كىملىكىم ھەر كىمگە بولىدۇ ئىزھار.

ئالدىراپ كەلمىدىم بەلكىم دۇنياغا،
ئالدىراپ كەتمەيمەن دۇنيادىن ئۆزۈم .
ئايلاندىم نۇرنى دەپ بۇلبۇلگوياغا،
زۇلمەتكە يۈزلەنسەم يۇمۇلماس كۆزۈم .

ئاللىكىم بولمىدىڭ، قېنى كارامەت؟
دەپ مېنى سۆكمىگىن بايقۇش دانىشمەن .
ئانامغا ئوغۇلمەن، ئېلىمگە ئامەت،
ئىزىمدا چاقنايدۇ نازۇك بىر چىمەن .

ھاياتنى سۆيىمىز شۇنداق بىز ھامان،
سۆيگۈسىز يوق بولۇر ۋە لېكىن ھايات .
ھايات بار، سۆيگۈ بار جىسمىمدا ئامان،
دېمەك مەن يېتىشتىم ھەممىگە ھەيھات .

2

باغرىڭنى مەن چەكسىز بىر دۇنيا دېدىم،
سەن ئۇچۇن مەنمۇ ھەم بىر دۇنيا ئىدىم .
باقىيمۇ، پانىيمۇ بۇ قوش دۇنيا دەپ،
تىنمىدىم ئەتىنىڭ غېمىنى يېدىم .

خۇلقىڭنى بال ئاققان بىر جەننەت دېدىم،
جەننەتكە ئەل بولغان بىر جەننەت ئىدىم .
قەيەردە قوشسەن قوش جەننەتنى دەپ،
ياراتقان ئىگەمنىڭ جېنىنى يېدىم .

مېھرىڭنى مەڭگۈلۈك تىلسىمات دېدىم،
ئۇنىڭچۇن مەنمۇ ھەم تىلسىمات ئىدىم .
بىر بولۇپ قالسا دەپ ئىككى تىلسىمات،
تىلىدىم، جېنىمنىڭ تېگىنى يېدىم .

سۆيگۈڭنى لەك ئۇرغان بىر دېڭىز دېدىم،
سۆيگۈمدە مەنمۇ ھەم بىر دېڭىز ئىدىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

قۇيۇلغان بىر دېڭىز بىر دېڭىزغا دەپ،
پۈچۈلدۈم، ئەقلىمنىڭ دېنىنى يېدىم .

قاچقاننى قوغلايمىز ئۇشبۇ دۇنيادا،
يېتىشسەك تاشلايمىز، ئارمان ـ قىيادا.
دېڭىزنىڭ لىۋىگە قويغاندا ئاياغ،
قارايمىز قويمايمىز، بىر چاغلار چۆلدە،
بەرگەندە سۇ بەرگەن مىسكىن گىياھقا .

3

تەبىئەت قويندىن چىقتىم ئايرىلىپ،
قارايمۇ قويمىدىم ئاڭا قايرىلىپ .
بېشىمغا چىقتى زەپ مۇشۇ تۇزكورلۇق،
ئالدىغا باردىممەن يەنە ئايلىنىپ .

جېنىمنى ئېپبەردى ئارچا بەرگىدىن،
ياشاشقا مەن يەنە كەتتىم سايلىنىپ.
چوقاي ۋە تاشلاردىن ئۆپرىغان كەتمەن،
بېجىرىم بولدى خوي، كەتتى ئايلىنىپ.

بىر يىپ بار ئارىدا، بىر ئىلاھي يىپ،
ئۆزئارا قالغانمىز مەھكەم باغلىنىپ .
بىلمىدىم بەزىدە بۇ يىپ سېھرىدىن،
بۇ غاپىل يۈرىكىم كەتتى داغلىنىپ .

تاش ئاتتىم ئۇنىڭغا تۇتقاندا سەۋدا،
تەلۋىلەر سېپىگە مەرگەن تاللىنىپ .
يېڭىلىپ بىر ئاتقان شۇ تېشىم ئۈچۈن،
ئىشلىدىم ئۇنىڭغا مىڭ يىل ياللىنىپ .

شائىرنىڭ كۆڭلىدىن زىل ئۇنىڭ كۆڭلى،
بىر تال خەس تۇرىدۇ ملڭ كۈن ساقلىنىپ .
قىساسى بەرھەقتۇر قىڭغىر قەدەمنىڭ،
گۇناھتىن كەتمەيسەن ھەقسىز ئاقلىنىپ .

ئاجايىپ كۈيلەرنى ئىلغاپ ئالسەن،
تۇرغاندا ھەمىشە ئۇنى يادلىنىپ .
باغرىڭنى باغرىڭغا ياققىنا قېنى،
كېتىسەن قۇياشقا دەرھال ئاتلىنىپ .

شۇ تاپتا قۇلاققا دېدى بىر سادا:
پەرىشان بولمىغىن يەنە دادلىنىپ .
تەبىئەت خۇدامۇ، ئانىمۇ، قىزمۇ،
بەرگىنىم بىر ئىدى ياندى قاتلىنىپ .

4

يار ئاتلاندى، مەن قالدىم تەنھا،
يەل ئاتلاندى، سەن قالدىڭ ئۆزۈڭ .
سېنىڭ ئۈچۈن ئۆلمەن دېسەم،
بۇ گېپىمنى تەن ئالدىڭ ئۆزۈڭ .

ئىشقىڭ يامان ئەجەبمۇ سېنىڭ،
بېسىلمايدۇ بىر دەم ئوتلىرىڭ .
(شاھ بولىمەن دېسەڭلار ئەگەر،
چىڭ، دەسسەڭلار ئۇنى دوستلىرىم .)

چېچەكلەيمەن ھامان ھەر كۈنى،
باسار مېنى سۆيگۈ كەلكۈنى .

www.uyghurkitap.com

تاڭدىن كۆرەر روھىمنى پاكىز،
بۇ زېمىنىنىڭ زۇغۇي ئەلكۈنى .

سەن ئېرۇرسەن سولماس يىلتىزىم،
سەن ئېرۇرسەن چاقناق يۇلتۇزۇم .
كېچىلەرنى بىلمىدىم زادى،
سەن ئېرۇرسەن ئاپئاق كۈندۈزۈم .

پىچىرلىشىپ ياتمايمىز دىلدار،
قېنىمىزغا پاتمايمىز دىل نار.
گەر بولسىمۇ خۇدا ئالارمەن،
بىر - بىرىمىزنى ساتمايمىز زىنهار.

ئايرىلمىسا سەندىن تاپىنىم،
بولار قۇياش تونۇ چاپىنىم .
قۇدرەت دېگەن مەندە بولمامدۇ،
تىلغۇيتەر تاغنى ساپىنىم .

1992 - يىل 1 - ماي، ئۈرۈمچى



# ئۆكۈنۈش

تەنتەك بوپ يېتىلدىم پەرھىزنى بىلمەي،
ئاپتاپنى كۆرمىدىم، يۇردۇم سايىدا.
غورىلار چىللايدۇ جاملىرىدا مەي،
ۋە لېكىن بارمايمەن ئۇنىڭ رايىغا.
سەن بەرگەن ئەتلىرىم شاخلاردا قالدى،
ئانىجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

جاڭگاللار ئىچىدە تالاي ئاداشتىم،
پاراسەت يەتمىگەن تېخى ۋايىغا .
تاغلاردا يول بىلەن سۈرئەت تالاشتىم،
خىرىس قىپ سامانىنىڭ ھىلال ئايىغا .
سەپەردە يىقىلدىم ئاغزى - بۇرنۇم قان،
ئانىجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

ئېرىنتقۇ سوڭىدا ئازدىم كۈن بويى،
كېچىلەر قوينىدا سىڭدىم جىمجىتلا .
سەن ئۇيقۇ كۆرمىدىڭ تالاي تۈن بويى،
كۆزۈڭ ۋە ئىشىكلەر ئوچۇقتۇر قىيا .
گەر ئۆلسە ئانىلار ئۆلەر بالىدىن،
ئانىجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

توسۇن بىر تۇيغۇلار ئالدى مەيلىمنى،
شەيتىنىم ئىمانىغا قوشتى خوپ رىيا .

ۋەسۋەسە بەلگىلەپ بەردى پەيلىمنى،
ئالدىمدا قول بۇلغار تىلسىمات قىيا.
جىلۋىلەر باغرىڭدىن ئايرىدى مېنى،
ئانىجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

مىكىرلىك قايناملار يالمىدى مېنى،
بىر لەيلەپ، بىر چۆكتۈم سەزگۈم باردا.
چۈشلەرنىڭ مۈلكىدە كۆردۈم مەن سېنى،
ياتقاندا بىھوش بوپ غەپلەت غارىدا.
روھمنى چاقىرىپ باقتىڭ يۇلتۇزغا ...
ئانىجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

ھەسەتلەر تارايتتى مەن يۈرگەن يولنى،
مەن نىشان بىر ئوققا رەقىب ياسىدا.
گال پىچاق بەك ئوڭاي كېسىدۇ قولنى،
يالغۇزلا قېپقالدىم ۋاپا سايىدا.
بەك بايقۇش كۆرۈندۈم كۆزۈڭگە شۇ چاغ،
ئانىجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

دۈشمەنلەر ئاغزىدا سېغىز ئېۋەنىم،
يۈز ئاچار نىيىتىم قىشنىڭ قارىدا.
دىل ۋە تىل بىرلىكى يوق دەر لېۋەنىم،
ھەسرىتىم جاراڭلار سازلار تارىدا.
مېۋىسىز ئەجرىمدىن تولغاندىڭ كۆر ملك،
ئانىجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

ئاشقمەن بىرىنىڭ كېيىك كۆزىگە،
ئۇلغايسۇن پەرۋازلار دىللار كارىدا.
ئۆزىنى كۆرسەتتىم يارنىڭ ئۆزىگە،
تۇرسامۇ ۋە لېكىن يارنىڭ دارىدا.

سارغايغان رەڭگىمدىن قىلسەن نالە،
ئانجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

بالاڭ بوپ تۇغۇلۇپ بالا بولدۇممەن،
مەن تازا قارا يۈز سەن بىر قارىدا .
تاڭلارنىڭ نۇرلىرى ۋۇجۇدۇڭغا تەن،
تۇرىسەن مەن ئۈچۈن ئەجەل يارىدا .
دەرد بولۇپ تارىدىم تومۇرلىرىڭغا،
ئانجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

توپان سۇ باسماقچى ئىمىش دۇنيانى،
باسماسمىش تۇرۇپسەن چۈنكى ئارىدا .
بىر ئەللەي تۇغار مىڭ بۇلبۇلگويانى،
ئاپەتلەر كۆل بولار ۋەسلىڭ نارىدا .
كۆزۈڭدىن باشلىدىم نەچچە دەريانى ،
ياشلىرىڭ لەڭ ئۇردى تالاي دارىدا .
ئۇلۇغسەن، بىلمىدىم ئۇلۇغلۇقۇڭنى،
ئانجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟

ياغلىقلار توقۇيدۇ ساڭا بۇ قۇياش،
ئالتۇندەك شولىدىن پۈتكەن شايىدا .
ئالەمدىن بىر ساڭا تەگرىلا تەڭداش،
ھەر ئىزىڭ بىر مەككە يولدا، پايىدا .
مەككە دەپ ئۆلمەككە قىلدىم قەسەمياد،
ئانجان يۈرىكىڭ بارمۇ جايىدا؟ ...

1992 ـ يىل 31 ـ ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## دىلبىرىم، بار ئىدى قوينۇڭدا ئاخشام

دىلبىرىم، بار ئىدى قوينۇڭدا ئاخشام
ھۆپپىدە ئېچىلغان ئاپئاق ئەترگۈل .
مەي بولدۇم، مەست بولدۇم، ياڭرىدى ناخشام ،
سەزگۈلەر زۇلمەتنى ئەيلىدى چۇل – چۇل .

ئاق مەرمەر بەرگلەر تۆردى ۋاللداپ،
يىرتىلدى پەيدىنپەي ئىپار غوزىلار.
تولۇن ئاي تىترىدى كۆكتە غالىلداپ،
ئاق نۇرلار، ئاق ھۆسن كۆككە سوزۇلار.

چۈشسىمان كەڭلىككە چىقىپ قالدۇق بىز ،
شايىدەك شادلىقلار سىيرىلدى تۈزگە .
ئەسنالار مەڭگۈلۈك تارتىدۇ يىلتىز ،
چىمەننىڭ يەللىرى ئۇرۇلار يۈزگە .

نەۋالار كېلىدۇ يىراقتىن سويلاپ،
گۈش بىلەن سۆڭەكتە ئاڭلايمىز ئۈنى .
كەۋسەرلەر ئاقىدۇ تومۇرنى بويلاپ،
تاغلاردەك دەۋرەيدۇ ئۈنىڭ دولقۇنى .

ھەننىۋا گەۋدىلەر تۈگىدى ئېرىپ،
ھەننىۋا تۈيغۇلار قالدى پەقەتلا .

ياراتقان بىزلەرگە شاراپەت بېرىپ،
شۈكرىكى،
كاساپەت
بەرمىدى ئەسلا .

دىماغدىن كەتمەيدۇ لەۋدەك پۇراقلار،
كۆزلەردىن كەتمەيدۇ
ئارماندەك جەننەت .
تاڭشۇرغان تۇلپاردەك تىنماي ئويناقلار،
پورەكلەپ ئېچىلغان
گۈلدەك مۇھەببەت .

2002 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى



# كەل، شائىرە

تۇگاينىمنى[1] بىر پەقەت سەنلا بىلسەن،
بىر مىسقالنى تاۋايسەن مىڭ بىر قاداقتا .
كۆيلىرىمنىڭ يەشكۆچى ئېچىل تىلسەن،
دوست سەزگۈلەر بارىدۇ مەڭگۈ ئاداقتا .
ئەقدەمنى قارىچۇقتەك ساقلاپ كېلسەن،
جاپالاردا ئايلانساڭمۇ مىسلى ساداقتا .

قىتىغۇرلۇق ئارىسىدا گەپلەرگە قالسام،
پۇۋلەپ ئېلىپ، يۈرىكىڭگە مېنى تىقسەن .
ساسقا پېتىپ، ساسلىقلاردا ھېرىقىپ قالسام،
دىۋىلەرنىڭ قولى بىلەن تارتىپ چىقسەن .
روھىيەتكە قېنىم بىلەن قەسرلەر سالسام،
ئەڭ ئىلگىرى سەن بايقايسەن،
كۈلۈپ كېتىسەن .

تار تىلدىن تۆكۈلگەندە ھاللىق نەۋالار،
يۈرەكتىكى ئارمانلىرىم سېنى چارلايدۇ.
كەچمىشمنى سۆزلەپ تۇرار نۇرلۇق پەزالار،
لېۋەن كۆي چۈن ھەممە يەردە كۆزۈڭ پارلايدۇ.
ئىزگۈلۈكتىن ئوقچۇپ چىققان نازۇك سەزالار،
قۇيۇلىدۇ دىلغا دەۋرەپ،
دىلنى قارايدۇ .

چىمەنىستان بويلاپ بىللە سەپەر چېكەيلى،
نۇر چايشاپتا ئاغناقلىشىپ،
پومداقلىشىپ .
بىز كۆزلىگەن نىشانلارغا بىللە يېتەيلى،
كەل، شائىرە، ئاجۇنۇمغا
مۇز ئارتلار ئېشىپ!
بارخانلارنىڭ قۇچىقىغا بىللە كېتەيلى،
تۇتتى خۇمار تۇرماقتىدۇر قانلىرىم تېشىپ .

مۇشائىرە ئەۋجىپ كەتسۇن،
باشلا قېنى سەن،
ئەشرەقەت تەك[2] ئېسىل نەزم تۈزۈلسۇن بۇ رەت،
بىزەكلەردە سەن ئۈزغۇن سەن، پىكىرلەردە مەن .
ئۆمۈر بويى ئۆتسە كىشى مۇشۇنداق پەقەت ،
تىكەنلەرگە بەرھەم بەرسەڭ، ياشنايدۇ گۈلشەن،
كەل، شائىرە، كۆككە ئاتسۇن بىزنى مۇھەببەت!

2001 ـ يىل 13 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

① تۇگاينى ـ ئېتىبار، قەدىر ـ قىممەت دېگەن مەنىدە .
② ئەشرەقەت ـ نەۋائىينىڭ مەشھۇر غەزىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

## قىيا تاشتىكى سۈرەتلەر ...

شۆھرەتنى دارغا ئاس، تەمەنى تامغا،
ئۆلۈمدەك بىلىنسۇن بەرمەستىن ئالغان .
مەرمەردەك نىيەتلەر جان قوشار جانغا،
جىنىڭنى ئالدۇ زەررىچە يالغان .
قولىسىنىش سۇ قوشۇپ تۇردۇ قانغا،
قارا يۈز قوپىدۇ لەنەتكە قالغان .

يېتىدۇ ئۆمرۈمگە خاتا بىر قەدەم،
بىر تەننى تۆگەتكەن كەبى بىر تال ئوق .
ئۆزەكسىز نەرسىلەر تاڭدىكى شەبنەم،
قامغاققا شامالدىن ئۆزگە خۇدا يوق .
ئۆتمىگەن ئارچىلار ئەبەدىي بەردەم،
كۆن سۆيگەن كۈندۈزنىڭ يۈزى يوپيورۇق .

قارارسىز بوياقلار ياقماس كۆڭۈلگە،
بىخ يارماس ۋەدىلەر قاناتسىز ھامان .
ھەرىلەر يولىماس شەربەتسىز گۈلگە،
جانبازلار ئىلكىدە جاناندۇر جاھان .
تىترىگەن مەيىللەر باراۋەر كۆلگە،
زەردىن رەڭ ئالسىمۇ ساماندۇر سامان .

هاياتتا يىللار كۆپ، ھېكمەتلەرمۇ كۆپ،
ھودۇقۇپ قالسەن قايسى خوپ، بىلمەي .
دورىساڭ، چۆچەكتە يەپ قالسەن چۆپ،
ياراتساڭ، لىپمۇ لىق ئالتۇن جامدا مەي .
قۇمدىكى يىزىقلار كېتىدۇ ئۆچۈپ،
مېنى بىر ئەۋلىيا يازدى ئاھ، دېمەي .

ھەر كىمنىڭ ناخشىسى ئۆز ئۈنى بىلەن،
ئۆز يولى ئۇپۇقتا تۇتاشقان جەزمەن .
ئىزدەيدۇ زۇغۇيلار كۈندىنمۇ ئېۋەن،
ئۆمۈرنىڭ دەل ئۆزى نۇرلاردىن بەزگەن .
ھەسرەتلەر تۇغۇشسىز ئاجىزلارغا تەن،
ئالۋۇندىن ئاي ئىزدەپ ئالەمنى كەزگەن .

ئۇنتۇلماس ھېچنېمە ئۇشبۇ ئالەمدە،
ئۇنتۇغاق يارالغان بولسىمۇ ئىنسان .
تولغانغان بىر قىل، يانغان بىر زەررە،
قالمايدۇ كۆمۈلۈپ، قالمايدۇ پىنھان .
تۇزكورنىڭ تىلىغا تەگكەن مىڭ دەررە،
دىلىغا قويالماس بىر زەررە ئىمان .

قىلغىنىم قىلغانغۇ دېمە ئەي قاياش،
بىر تىلسىم كۈچ ـ قۇۋۋەت بولسىمۇ سەندە .
تاغ بولۇپ چۈشىدۇ كۆككە ئاتقان تاش،
ئۆچسە رەڭ رەڭۋازلار ھامان شەرمەندە .
كۈلكىگە ھامىلدار كۆزدىن ئاققان ياش،
گۈل ئەكسەڭ گۈل ئۈنەر جەننەت چىمەندە .

1992 ـ يىل 15 ـ ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uygurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## جەننەت كۆگۈل دىلدارىم، باشلا مېنى جەننەتكە

دوزاخ كۆگۈل جانلارنىڭ دوزىخىدىن سەسكەندىم،
جەننەت كۆگۈل دىلدارىم باشلا مېنى جەننەتكە .
تەگرىتاغنىڭ باغرىدا سەلكىن بولۇپ ئەسكەندىم،
غۇرۇر كەتكەن پەرۋازدا دەقىقىدىن ئەبەدكە .
قىيا تاشنى قىيادا چىشىم بىلەن كەسكەندىم،
بولغاندىم كۆكتە كۆك، تەگدىشى يوق بىر سەتكە .

كۆگلۈك سىنىڭ بىپايان، چايقىلىدۇ تاغ ـ دېڭىز ،
تەكلىماكان دەشتىدە ئۇندىن كەۋسەر يۇتقانمەن .
ئىزلىرىڭدا تەپتەكشى مېھرىگىياھ باغ ـ ئېگىز ،
مالائىك دەپ مەن سىنى كۆنداشلارنى ئۇتقانمەن .
بولغان ئىدىڭ ئۆمرۈمگە تالاي قېتىم ئوق يىلتىز،
هاڭ لېۋىدە ئەلۋان رەت قوللىرىڭنى تۇتقانمەن .

تاڭ دۆيلۈيدۇ كۆزۈڭدە، تاڭ بالقىيدۇ هەر دائىم ،
ۋۇجۇدۇڭغا سۈبھىلەر ئۆتۈپ تۇرار سۇرۇلۇپ .
دىلخانەمدە ئۆزۈڭسەن غۇلاپ چۈشمەس تۆر ئايىم،
سىنى تاپتىم تاڭ ئىزدەپ ئۆرۈلۈپ هەم چۆرۈلۈپ .
روھ چېلىقسا روهىڭغا دېڭىرايدۇ بوپ قايىم،
تاڭ بولغىنىڭ مۆجىزە ئادەملەردىن تۆرۈلۈپ .

قىياسىڭمۇ بېھىشتەك، قارارىڭمۇ بېھىشتەك،
تۇغۇرۇمنى يۇلتۇزدىن ھەتتا ئايدىن ئالسەن.

تومۇزدىكى سۆزلىرىڭ دەلۋىدىكى يىمىشتەك ،
تاراپ كەتسە بۇ ئالەم سەنلا نۇردا قالسەن .
قانداق بەخت سىنىڭكى كىسمىڭگە ئىرىشمەك،
ئىزگۈ تىلەك تىلەشتىن قاچانلاردا قالسەن؟

گۈل كۆڭلۈڭگە ۋەكىلدۇر، باغرىڭ باغلىق گۈلدەستە،
مىجەزىڭنىڭ رەڭگىدۇر يىشىل رەڭلەر بىلىمەن .
خۇشبۇيلىرىڭ چاڭقىيدۇ ئىپار سەندىن كۆپ پەستە،
مەنزىللەردە توختىماي ئەتىر پۇرقۇپ كىلىمەن .
قارىشىدۇ تەشنالار ساڭا ھەر دەم ھەۋەستە ،
كۆپ ئىشتىياق كۆتۈرۈپ باغلىرىڭغا كىرىمەن.

كۆزلەر گۈنسىز، دىل يارا ، كەيپىم شۇنچە پەرىشان،
نەدىن تاپاي شادلىقنى، شاد پەسلنى بىرەر كىم؟
ئىگرىغاندا تىنىقا بۆسۈپ كىردى چاڭ ـ توزان،
پىشكەل ئىرۇر بۇ بەلكىم، ئەجەل ئىرۇر بۇ بەلكىم .
بالقىپ گويا كۆكسۈڭدە مىھرلەردىن بىر بوستان،
باستى شۇ تاپ زىمىننى مۇھەببەتتىن زور كەلكۈن.

كىسەل تەگسە نارلىرىم، چۆلدە ئەم چۆپ ئىزدەيدۇ،
سەزگۈرلۈكى ئۇلارنىڭ ئوق بوپ يەرگە ئىتىلغان .
ئەتىرگۈللەر رەڭگارەڭ دىلنىڭ ھۆسنى بىز دەيدۇ ،
شەپەق بىلەن سۆيۈشۈپ، كۈنگە قاراپ ئىچىلغان .
باغقا كىرسە ئاشىقلار ئەقىدىسىز كىرمەيدۇ،
بىلىق كۆرسە شۇرمەلدە بىلىقچىلار ئىتىلغان .

كۆكسۈم تولغان زوق ـ شوققا، سەن تەرەپكە تەلمۈردۈم،
دولقۇنلايدۇ كۆزۈڭدە كۈمۈش ئىقىن شوللار.
سۆيۈنۈشتە پايان يوق، سۆيۈنۈشتە لەك ئۇردۇم،

ئۇزارماقتا قولۇڭدا ۋاقت ئەشكەن شوينلار .
سىنلۇق كۆلكەڭ ئۈستىدە ئەجەل بىلەن تەڭ تۇردۇم،
سايەڭ يەتسە ناۋادا تەۋرەپ كېتەر ھويلىلار .

دوزاخ كۆڭۈل جانلارنىڭ دوزىخدىن سەسكەندىم،
جەننەت كۆڭۈل دىلدارىم، باشىلا مېنى جەننەتكە .
رىشتىلەرنى دىلئارا سۆيگۈ بىلەن ئەشكەندىم،
چاقناپ تۇرغان ئارزۇلار چىقتى ئەجەب بىدئەتكە .
تەقدىر تۈگكەن تۈگۈننى ئەقلىم بىلەن يەشكەنتىم،
تىلدىن تىۋىش تارىسا تۇرغاندىم دىققەتتە .

سەپەر چەكسەك ئىككىمىز كۆپ لەنگەردىن ئۆتىمىز،
تاشلار سۆزلەر رىۋايەت بىر يەرلەرگە يەتكەندە .
چىنارلارنىڭ تېگىدە ھۆر قىزلارنى كۈتىمىز،
قېقىلىدۇ قاناتلار تەندىن ماغدۇر كەتكەندە .
جەننەت ئىرۇر ئىزگۈلۈك بۇ ئالەمدە، پۈتىمىز،
سۆيگۈ سالغان لېيىغا تەگرى ئۇنى ئەتكەندە .

2004 ـ يىلى 10 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

# ئانا تىل

تاغلارنىڭ ئاستىدا، دۆرلار ئاستىدا،
بار دېسە مۆچەگنى باغرىم ئانا تىل.
شۇ زامان قازىمەن كىرپىكىم بىلەن،
يىل بولۇپ ئۇ تاغلار، بولسامۇ مەن قىل.

دېڭىزلار ئاستىدا، لەھەك قارىندا،
بار دېسە زەررەگنى ياتقان كۆمۈلۈپ.
شۇ زامان غەرقىمەن قايناملار ئىچرە،
ئۇ مېنىڭ بايلىقىم تۇرغان تۆكۈلۈپ.

ئاسماننىڭ قەھرىدە، يۇلتۇز كۆكىدە،
بار دېسە قەترەگنى جىمىرلاپ تۇرغان.
چوققىلار ئۈزىتار ئۇ يەرگە مېنى،
(مەنزىلگە يېتىدۇ قىمىرلاپ تۇرغان!)

تارىشا پۈتۈكلەر، چىغناق ـ تارغاقتا،
پۈتۈلگەن بولساگمۇ بەش مىڭ يىل بۇرۇن.
ئەرىنمەي ئېرتىمەن چاگلىرىگنى مەن،
تاشلاندۇق دېگەنگە ئەگمەيمەن بويۇن.

ئۆلىمىز بىز، لېكىن ئانا تىل ئۆلمەس،
ئۆتسىمۇ ئون مىڭ يىل بار تېنىدە جان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئۇ سېنى تونۇسا، تونۇمساڭ سەن،
قىيامەت، تاشلارمۇ چەكمەمدۇ پىغان؟

يەمەنۇ ياسرىپكە چېكمەن سەپەر،
يېنىڭدىن ئۇ يەردە بولسا بىر قىيىق .
قۇدرىتىڭ ئالدىدا چەپلەرمۇ چەپەر،
تۇيغۇلار پەرۋازدا، بىباش، بىتىيىق.

پەخرىمسەن، ئەقلىمسەن، باغرىم ئانا تىل،
جىلۋەڭدىن جىلۋە ئېپ يورۇپ تۇرار دىل .
سازىڭسىز پانىيدىن باقىيغا كەتسەم ،
شەپەڭدىن دەس تۇرۇپ تىرىلىمەن بىل .

1998 ـ يىل 11 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

# تاغ ناخشلىرى

1

ئەس بىلىپلا سىنىڭ بىلەن سالىماق تالاشتىم،
ئەسلىي بىلسەڭ سەپداش ئىدىم، ساڭا قاياشتىم .
تاغلار بىلەن تاغ بوپ يۈرگەن بىر ئوغۇل ئىدىم،
قىر ـ ئېدىرلار ھەزەر قىلغان ماڭا ئاياشتىن .
تاڭلار بىلەن سۆزلەشتىم ۋە دەيتتىم ئاڭا:
كىرسەڭ كىرگىن دېرىزەمدىن، كىرمە ئاراشتىن .
شامالللاردا ئۇچسا ياپراق شاختىن ئايرىلىپ،
دېگەن باغرىم، ھەي ـ ھەي ئىست، يولدىن ئاداشتىڭ .

2

قار ـ مۇزلۇق چوققاڭ بار كۆمۈشتەك يانغان،
ھەنىنىۋا ھۇزۇرنى باغرىمغا تاڭغان .
چوققاڭنىڭ ئېگىزلەپ تۇرغىنى ياخشى،
كارۋانلار سىڭارى توختىماي ماڭغان .
مەن يازار ھېكمەت شۇ ماڭلىيىڭ ئۆزرە :
«ئالغا باس! ئىلگىرىلەش قەيەردە چانغان ؟»
ياپپېشىل قارىغايلار سەپ ـ سەپ قاراۋۇل،
تۇرىدۇ ئاسمانغا ھەيۋەتتى چاچراپ .
بۇلۇتلار چىپپىشار مىسلى ياساۋۇل،

تۇرالماس بىر جايدا چېقىنلار قاتراپ .
دەھشەتلەر يىغىندەك يىغىپ تۇرىدۇ ،
كەتمەكچى قىيادا شاخلارنى قاتلاپ .
ئۇلارنىڭ باغرىغا قول سالدىم تاڭدا ،
تىترىگەن ياپراقلار ۋەسلىنى يادلاپ .
جاسارەت تارامدۇ سەندىن يا مەندىن ،
گۈزەللىك ئىزدىگەن ئەي سىنچى دوستۇم ،
تامغا باس قارىغايغا كەتمىگىن ئاتلاپ .

4

چېچەكلىگەن سىرلىرىڭ بار قەلبىڭنى باسقان ،
تەمە قىلار ئېيتارمۇ دەپ ھەممىشە ئاسمان .
تىڭشىلىدۇ كۆزلىرىڭگە يۇلتۇزلار دەۋرەپ ،
(بىر ئېغىز سۆز بىر ئېغىزدا بولىدۇ داستان!)
يۆتكەلمەيدۇ دەم يېيىمگەن ئويلار كۆڭۈلدىن ،
سەنمۇ تىلسىم ، مەنمۇ تىلسىم ئالەمدە ياتقان .

5

تاغلىرىم ، دەپ ئاتىغانتىم ئاتام ، ئانامنى ،
قېرىنداشىم ، جان دوستۇمنى جاندەك جانانىنى .
ئايرىلمايمىز بۇ پانىيدا ھامان ئىككىمىز ،
تا يەڭگىچە ئاق ـ قارىنى ، ياخشى ـ يامانىنى .
بۇ سۆزۈمنىڭ ئىمان كەبى راستلىقى ئۈچۈن ،
سېنى يۇدۇپ ، ئەگىپ چىقاي پۈتۈن جاھاننى .

6

سەن تەمكىن تۇرىسەن ، روھلىرىڭ ئۇچار ،
ئېسىركەپ ھەممىنى ، ھەممىنى قۇچار .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارازا بىسىشنى ئۆگەتمەكچىسەن،
خىسلىتىڭ ھەمىشە كۆكسۈمنى تۇتار.
ئۆمۈردە چاقنىماس تالايى قىسمەت بار،
بىر ساڭا بەخشەندە كۈيلەر ئۆزۈڭدەك،
تايغاقلار ھەمىشە پۇشايمان يۇتار.

7

زامان چەكسىز، ئۆمۈر چەكلىك، لەنەت ئوقۇيمەن،
ساڭا ئوخشاش بۇ قىسمەتنى ھامان يەڭگۈلۈك.
يۈرىكىڭنى باسقان تاشتىن كۈيلەر توقۇيمەن،
بۇ زېمىننىڭ ئاسمىنىدا ئۇچقان مەڭگۈلۈك.
پىرى دېدىم سىنى كۈيىنىڭ، ھېكمەت چوقۇيمەن،
كەلسە كەلسۇن بۇ جاھاندا ماڭا كەلگۈلۈك.

8

مېھرىگىياھ، سۆيگۈ گىياھ، گىياھى ئىمان،
يەنە نۇرغۇن جان ھۇزۇرى ئالىپ گىياھلار.
تىنىقلارغا ئىپار يۈكلەپ تۇرىدۇ پىنھان،
(بۇ سىرىڭنى ماڭا سۆزلەپ ياقۇت قىيالار)
گۈلئارايلىق يەتكۈزۈشتى چۆللەردە ھامان،
چوققاڭدىكى ئەسرىي ھىممەت كۈمۈش زىيالار.

9

سىنى سۆيۈپ، ساڭا كۆيۈپ ئۆتتى بىر مەلەك،
شۇڭا ئۇنى ئۆز قەھرىگە مىندۇردى پەلەك.
ھەر ئاخشىمى تولۇنئايدىن كۆرىمەن ئۇنى،

كۆرۈندۇ نۇرلۇق، لېۋەن ھەممىدىنمۇ بەك .
«شائىر دېگەن يالغۇز» دېگەن بىر دەردمەن شائىر،
شائىرمۇ بىز؟
سەن يەكمۇ يەك، مەنمۇ يەكمۇ يەك .

1999 ـ يىل 20 ـ سېنتەبىر، ئۈرۈمچى





www.uyghurkitap.com

## ئاشۇ سەھرا، ئاشۇ بۇلاق، ئاشۇ تولۇن ئاي

غەمسىز چاغلار، قانلار جۇشقۇن، ئاسمانلاردا باش،
نامرات ئىدىم، بولدۇم بىردىن چېقىن روھقا باي.
مانا ئال دەپ قولۇمغىلا تۇتقۇزدى قۇياش،
ئاشۇ سەھرا، ئاشۇ بۇلاق، ئاشۇ تولۇن ئاي.

ئېيتىپ تىنماس ناخشىلارنى ئانا تەبىئەت،
جور بولدۇ ئاڭا ئەركىن، يېشىل تېرەن ساي.
قۇيۇپ قويدى يۈرەكلەرگە كەۋسەر ۋە شەربەت،
ئاشۇ سەھرا، ئاشۇ بۇلاق، ئاشۇ تولۇن ئاي.

ئۆمۈر دېگەن ئەزىز بولسا ئۆمۈردۇر پەقەت،
ئەركى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھېچكىم بىرەلمىگەن ھاي.
ھەر دېمىگە باللىقنى قىلدى شوخ ئۈلپەت،
ئاشۇ سەھرا، ئاشۇ بۇلاق، ئاشۇ تولۇن ئاي.

پېچىرلاشتىم گۈللەر بىلەن دىلدار ھەققىدە،
ماڭا ئۇلار كۆرسىتىشتى تاڭ ۋەسلىدىن جاي.
كۆركەملىكنى ئايان قىلدى كۆركەم تەققىدە،
ئاشۇ سەھرا، ئاشۇ بۇلاق، ئاشۇ تولۇن ئاي.

تىنىق ھاۋا، تىنىق سۇ ۋە تىنىق زىيالار،
چاچار دائىم تىرىكلىككە كۆكلەمسىمان راي.

ئامان بولسا، هامان جانسىز سۇربەت رىيالار،
ئاشۇ سەھرا، ئاشۇ بۇلاق، ئاشۇ تولۇن ئاي .

يامزاللاردا ياقتىم تۇتۇپ مەيدەمنى يەلگە،
شەپەق خۇشال خۇنچە تۇتتى چىنىسىدە چاي .
دىلدا ئاققان دەريا كۈيگە سىپ قويدى بەلگە،
ئاشۇ سەھرا، ئاشۇ بۇلاق، ئاشۇ تولۇن ئاي .

مەخمەل توندىن تۆكۈلگەندە كۈمۈش چاچقۇلار،
ئاق ئۆرۈكنىڭ چېچەكلىرى بوپ كەتكەن ھاي ـ ھاي.
ۋۇجۇدۇمغا بەخش ئەتكەن سانسىز ئاق قۇلار،
ئاشۇ سەھرا، ئاشۇ بۇلاق، ئاشۇ تولۇن ئاي .
ئۇنتۇلمايدۇ ئۇلۇغ ھىسلار، ئۇنتۇلماس ئايھاي،
ئاشۇ سەھرا، ئاشۇ بۇلاق، ئاشۇ تولۇن ئاي .

1997 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى





www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## ساۋاقداش

ئېسىل يىللار، قايتىلانماس دەۋرلەر،
سېنىڭ بىلەن بىللە ئۆتتى ساۋاقداش.
قوش مېغىزدەك بولۇپ قالغان ئۆزئارا،
سىرداش، دىلداش، پارتىداش ھەم تاۋاقداش.

بىر چىرايلىق قىز ئىدىڭسەن، خۇشپىچىم،
كۆزلىرىڭدىن كۆرەتتىم مەن دېڭىزنى.
ئۆتتى يىللار بوش كەلمىدۇق، ئۇ گويا
ئۆتتى دەسسەپ يالاڭئاياغ ئېڭىزنى...

ئۆتتى دەسسەپ يالاڭئاياغ ئېڭىزنى،
قويالماستىن بىزنى داغدا، قۇرۇق قول.
ئەجرىمىزدە جاۋاب بەردۇق يىللارغا،
دېدۇق ئاڭا: «بىزگە تەن بەر، قايىل بول.»

ئۆگەندۇق بىز ھەقىقەتنى تەگرى دەپ،
ئۆلەتتۇقكى بىرنى ئىككى دېمەيتتۇق.
رەھىم ـ شەپقەت، ئۇنتۇش، ئەپۇ كەگرى دەپ،
نامەردلەرنىڭ لوقمىسىنى يېمەيتتۇق.

دەرس ئالاتتۇق يالقۇن يۈرەك ئۇستازدىن،
ئارمان ـ ئۈمىد ئايلىناتتى يالقۇنغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قەلبىمىزدىن تەبىئەتكە ئوت بىرىپ،
دەيتتۇق ئاڭا بىزگە ئوخشاش يالقۇنلا .

ئوقار ئىدۇق كىتابلارنى تالماستىن،
شاھ مىسرالار بولۇپ كەتكەن بىزگە ياد .
يۈكەلمدى قەددىمىزنى جاپالار،
قايناملارغا، داۋانلارغا سالدۇق ئات .

ئوقار ئىدۇق، پارلاپ كەتتى بىر چىنلىق:
پەرز ئىكەن پەرزەنت بولۇش ۋەتەنگە!
ئۆزگىلەرگە ئۆتۈندۇق بىز شۆھرەتنى،
تاغدەك بۈرچ سەزگەن چاغدا روھ، تەندە .

چېكىپ كۆردى بىزنى شۇ چاغ تەڭگىلەر،
چىللاپ باقتى ئىزىتقۇلۇق سوقماقلار.
تەۋرىمدۇق، دەۋەتلەرگە دەز كەتتى،
رەزىللىكنى يوشۇرالماي بوياقلار...

ئەلىمىگە ئورتاق بولدۇڭ ئەلەمدە،
ناھەق كۆيسەم يۈچۈلاندىڭ، يىغلىدىڭ .
ئەقىدەمنى چەيلىگەندە ئەلەسلەر،
غەمدە قالدىڭ، يۈرىكىڭنى تىلغىدىڭ .

ھەئە! شۇنداق، ھايات يولى تۈز ئەمەس،
گاھى چالما، گاھى ئالما بولدۇق بىز.
ۋاراقلاردا نۇرى قالدى كۆزلەرنىڭ،
كۈلۈپ ئۆستۇق، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇق بىز.

كۈلۈپ ئۆستۇق، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇق بىز،
خەيرلەشتۇق، قالدى سىنىپ، كۆزنەكلەر.

قانات ياپتى بىزگە ئاپەت چاڭ سالسا،
گۈزەللىكنى بۇزۇلمىغان كۆزلەكلەر ...

ئۇچۇپ ئۆتتى ئاشۇ چاغلار بىلىنمەي،
ئەمدى يېگى مۇھەببەتكە گۇۋاھ ئاي ...
كۆزلىرىڭدىن شۇ چاغلارنى ئىزدەيمەن،
ساۋاقدىشىم سەرگۈزەشتكە مول ۋە باي ...

ساۋاقدىشىم، مېھرىڭ يانار دىلىمدا،
قەدىرلىكسەن، قەدىناسسەن، ئەزىزسەن .
سېنى كۆرسەم ياشلىقىمنى كۆرىمەن،
نۇرغا ئوخشاش يالترايسەن، لەزىزسەن !

1970 ـ يىل ئاپرېل، قۇمۇل جىگدە بۇلاق



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قىزغىنىش

سۆيگۈ چاچراپ تۇرغان كۆزلۈك ماڭا تەئەللۇق،
ئۆزگىلەرگە قارىمايسەن دېگىنىم قېنى؟
يۇلتۇزلارغا قارىدىڭغۇ كۆكتىكى بۇلۇت،
جىمىرلىشىپ كەتتى ئۇلار چېچەكلەپ جېنى.

كۆكلەم كۆلكەڭ، كۈيدەك ئۈنۈڭ خاس ئىدى ماڭا،
ئاڭلىدىڭغۇ ئالىلكىملەر ئەجەب ئۇلارنى.
تالاي قېتىم ساقلانغىن دەپ ئەسكەرتتىم ساڭا،
ئاسمىنىمنى قاپلىغاچ قايغۇ تۇمانى.

مېنىڭ ئىدى يۈرىكىڭدىن ئۇچقان تۇيغۇلار،
ئەجەب بۈگۈن كىردىڭ يايراپ قاينام ئىچىگە.
سېنى ئەجەب بىھوش قىلدى دۈشمەن ئۇيقۇلار،
قارشىلىقسىز ئەسىر بولدۇڭ قارا كېچىگە.

پارلاپ تۇرغان چېقىن سۆزۈك بولۇنگەن ماڭا،
ئەجەب بۈگۈن ئۈندىن كۈلدى باشقا قۇلاقلار.
قانداق بېسىپ بەرسەم بولار كۆڭلۈمنى ئاڭا،
ئۈنى يۇيۇپ تازىلاركىن قايسى بۇلاقلار؟

خۇش خۇيلۇقۇڭ يازمىشىمدىن بېرىلگەن ماڭا،
مېھىر قوندى ئەجەب بۈگۈن سەندىن بىرسىگە.

دەم ئىچىدە نېمە دېدى ئېزىتقۇ ساڭا،
ئوخشاپ كەتتىڭ پەقەت بىر سەت باشقا كىشىگە.

گۈزەللىكىڭ ئەزەلدىنلا بەخشەندە ماڭا،
بىرى ئەجەب ھوش يوقاتتى ھۆسنۈڭگە قاراپ.
چۈمپەردىنى ھالال دېدىم پەقەت بىر ساڭا،
قانداق ياخشى يۈز ئاچقان ئاي بۇلۇتتىن ماراپ.

نۇر مىجەزىڭ پۈتۈلگەندە پۈتۈلگەن ماڭا،
ئەجەب ئۈندىن شادلىنىشتى تالايلار بۈگۈن.
بار ئۇزلۇقنى بەرگەنىكەن ئىگىمىز ساڭا،
بىرنى يەشسەم پەيدا دىلدا يەنە بىر تۈگۈن.

ئىزگۈلۈكۈڭ تالىق ئىدى پۈتۈنلەي ساڭا،
يۈرگەن يېرىڭ يورۇپ كەتتى بۇڭا نېمە دەي؟
يۈرىكىمنى مۆھۈر قىلىپ باسايمۇ ساڭا؟
يۈرىكىمسىز ھالىم نېچۈك بولىدۇ دېمەي!

1992 - يىل 7 - ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# كۆتۈش

كۆتتۈم سېنى يامغۇر كۈتكەن بىر چۆل بولۇپ،
كۆتتۈم سېنى يوق مەنىلىك بىر نۆل بولۇپ .
دېدى نازۇك مەجنۇن تاللار مەيىن ئاۋازدا:
ياپراقلىرىڭ قېنى؟
كەتتىڭمۇ سەن بەك ھۆل بولۇپ؟!

ھەربىر قاراۋاران سەن بولدۇڭ بىر دەم،
ئاقتى ھەيۋەتىم مىسلى بىر سۆل بولۇپ .
قار كەبى توزىدى ئۆمرۈم پەرلىرى،
تۇرماقتىمەن
«خوپ بول»غان بىر «ئۆل» بولۇپ .

كۆتتۈم كۆتۈشنىڭ ئۆزى ھەم بىر مۇھەببەت،
تۇيغۇلىرىم كەتتى ئۆركەشلىك كۆل بولۇپ .
كۆلمەكلار،
يۇلتۇزلار، مېنىڭ ھالىمغا،
تۇرغىنىم يوق ئالۋۇن ۋەدىلەرگە گول بولۇپ .

كۆتتۈم، كۆككۆل پۈتۈن كۆتۈش تۇپەيلى،
كەتتىم گويا يېڭى تۇغۇلغان كۆل بولۇپ .
كېلىدىغان بەختنى كۆتۈشمۇ بىر بەخت،
كۆتۈش كېرەك ئۆنى ئەي، كېيىك كۆزلۈكۈم،
بىر چۆل بولۇپ، بىر نۆل بولۇپ، بىر گول بولۇپ .

*　　　*

پەرىشتەم، پەرىشتىجان، پەرىشتە قىز[1]،
ئالەمدە گۈزەللىككە ئۆزۈڭ بىر ئىز.
ئىپەندەك ئىگىلمىگەن مىنىڭ قەددىم،
ئۆزۈڭچۈن ئەمدى مانا ئىگىلدى تىز.
پەرىشتەم، پەرىشتىجان، پەرىشتە قىز،
يۈرىكىڭ يۈرىكىمگە مەڭگۈ يىلتىز.

كۆكلەمسەن ئاياغلاشماس ماڭا ھەرگىز،
گۈلۈڭ ھال، گۈلۈڭ زەڭگەر، گۈلۈڭ قىرمىز.
لەۋلىرىڭ، مەڭزلىرىڭ نۇر تۆكىدۇ،
ۋە لېكىن كۆزۈڭ خۇنرىز[2]،
كۆزۈڭ خۇنرىز.
پەرىشتەم، پەرىشتىجان، پەرىشتە قىز،
يۈرىكىڭ يۈرىكىمگە مەڭگۈ يىلتىز.

بىر نۇقتا بۇ جاھاندا بىز ئىككىمىز،
قەلبىڭنىڭ قاپقىسىنى ئاچ قېنى تېز.
پەيدا بول غەمكىن، مۇڭلۇق چاغلىرىمدا،
قون تۈندە
تۆشكىمگە سەن تۇيۇقسىز.
پەرىشتەم، پەرىشتىجان، پەرىشتە قىز،
يۈرىكىڭ يۈرىكىمگە مەڭگۈ يىلتىز.

1991 ـ يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

① بىر شائىرغا تەقلىد قىلىنغان.
② قانخور دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

## 21 ـ ئەسىر بىلەن سۆزلىشىش

مەستخۇشمەن، خۇي ـ پەيلىڭدىن بەلگە كۆرۈپ،
باقىمەن ئوچۇق كۆزدە يىراقلارغا .
بېشىڭدىن جاننى ئۆرۈپ، جاھان ئۆرۈپ،
مازۇزمەن ئۇپۇق تۇغقان سىياقلارغا .

چۈشتىكى گۈدەكلەرگە ئوخشاپ قالدىم،
يەللەرنىڭ سىرئىتى بار قەدەملەردە ،
يەتتە قەۋەت ئاسماندىن ئاسمان ئالدىم،
پەرىلەر چەلگىنىشتى قەدەھلەردە .

ياپىپىشىل لەۋھەسىمان ئۇچار روھلار ،
كەۋسەردەك دەملەر بىلەن ئىرماش ـ چىرماش .
قىرغاقتا زەيتۇن شېخى سىرەر نوھلار ،
زېمىندا ھەر زەررىگە ئانا قۇياش .

بەخت دەپ... دىلبەر بىلەن سۆزلىشىمىز ،
سۆيگەننى، سۆيۈشكەننى، ئىسەن ـ ئامان .
سەن كەلدىڭ سۆيگۈ بولۇپ ئۆزلىشىمىز ،
تاغلارمۇ بوي سوزۇشار سۆيگۈ تامان .

سىر سۆزلەر، قىسسە سۆزلەر تىلسىماتلار ،
تۇتقۇزۇپ ئاچقۇچلارنى ئىلكىمىزگە .

يوللاردا چۇۋۇلدۇ پىلسىراتلار،
شولىلار دەۋرەپ كىرەر پىكرىمىزگە.

پەرۋازغا چىقىندۇ قانىتىمىز،
ئاھاڭلار ئۆرۈلدۇ ناۋالارغا.
شەمشادقا ئايلىندۇ قامىتىمىز،
ھاياتلىق مەڭگۈ تەركىب ھاۋالارغا.

لېۋەن بىر مۆجىزىنى كۆتۈپ تۇرسام،
ئىشكنى چېكىپ تۇرغان زادى سەن كىم؟
قىياسىم پەنجىسگە پەنجە ئۇرسام،
كىچىككەن تەلىيىمدۇر كەلگەن بەلكىم.

بۇدرۇق قوللىرىدا ئەتىرگۈل بار،
شۇمۇرگىن، بويى ئۇنىڭ ئىپار، دېدى.
ئىشتىياق يانغان دىللار مەڭگۈ بىھار،
كىر قونماس، غۇبار قونماس زىنھار، دېدى.

ئېگىمغا قويۇلدۇ غايىب ئۈنلەر،
يەتكۈزۈپ مەنىلەرنى ئاشۇ سۈپەت.
تىۋىشلىق يېقىنلىشار مەخمەل تۈنلەر،
ئىلھاملىق قەلبلەرگە بولۇپ ئۈلپەت.

ھاياجان چايقىلىدۇ، لەۋ ئۇرىدۇ،
ھېكمەتتىن قۇيۇلدۇ ئالتۇن قەسىر.
قەسىرلەر قۇببىسىدە نۇر تۇرىدۇ،
كەل، دائىم سۆزلىشەيلى يېڭى ئەسىر.

1999 ـ يىل 20 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

## تەشۋىش

بىردىنلا كۆزلىرىم يوقاتسا نۇرنى،
بىردىنلا قارىچۇقتىن كۆچسە يۇلتۇزلار.
يوقىلىش يۇتماقچى بولسا ئۆمۈرنى،
تۆكۈلمەك بولۇشسا باشتىن قۇندۇزلار.

تۇپراققا قوشۇلماق بولۇپ تەنلىرىم،
قار ـ مۇزغا ئايلانسا ئوتتەك ھارارەت .
كەكرىگە ئايلىنىپ لەۋدە قەنتلىرىم،
توختىسا يۈرىكىم، ئۆچسە جاسارەت .

ئالەمنىڭ رەڭلىرى سېھرىنى تاشلاپ،
نامەھرەم ھېسلىرىم توزۇسا بىراق .
ئېگىلگەك ھۆسنلەر توپىلاڭ باشلاپ،
قوغلانغان ئايەتلەر ياندۇرسا چىراغ .

ھەممىگە كۆنىمەن، تۆزىمەن مەيلى،
قازاغا يىغدۇر ھەمىشە نۆۋەت .
شادلىقىم —
قورقمىدىم مامات تۇپەيلى،
تەشۋىشىم —
سېنىڭدىن ئايرىلىش پەقەت !

1993 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## سېغىنىش

ھۆسن كىرگەن بوشلۇقلاردا تۇرسەن يالغۇز،
جۇشىنىشلىك ھالىڭ سېنىڭ ماڭىلا پەقەت .
جۇشلىرىمدە تەگدى ئاخشام ۋە بولدى يالپۇز،
تۇرنىلارنىڭ قانتىغا ئۆزۈڭ ئاسقان خەت .
قۇياش باغرى سېنىڭ باغرىڭ چۈشتى باغرىمغا،
توزۇپ كەتتى دوستلار دىلغا قوندۇرغان ھەسرەت .
يادىڭ سېنىڭ كەۋسەر تەمى بەردى ئاغزىمغا،
كۆتۈرۈلدى ھوشلىرىمدىن مەڭگۈگە غەپلەت .
كەتمىشلەرنىڭ كەلمىشلىرى ئالەمدە بەرھەق،
بۇنچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ بولاتتى ھىجران .
ئۇنىڭ سالغان ئازابلىرى دەھشەت نەقمۇ نەق،
چىدىمايدۇ ھېسلار ئاڭا، چىدايدۇ ۋىجدان .
سۆيگۈ بىلەن ياشاش پەرز تۇرسا بەندىگە،
سۇنەت بىلىپ ئۇنى قانداق ياشايمىز دىلدار؟!
شاھانە تون ئايلانسا گەر جۇل - جۇل جەندىگە،
قىيامەتلەر كۆزنەكلەردىن ئاچامدۇ دىدار؟!
قاقىرلار، پەرلىرىڭنى تاراپ قويايمۇ؟
ئاتلانغاندا ھەيۋەت بىلەن يىراق سەپەرگە .
ئۇنلىرىڭنى سېغىنىشىم، مۇڭغا ئورايمۇ؟
بەلگە تاشلاپ ئۆتكىن ساڭا ئېيتقان شەھەرگە .

* *

مەن تۇرىمەن بوسۇغىدا ئىزا چېچىپ،
ئىشكىڭنى مىڭ تەستە قىيا ئېچىپ .

ئاي ماڭلىيلىك نۇر چاچتى مەن تەرەپكە،
كەتتىم گويا شۇ تاپتا زىيا كېچىپ .
كىبرىڭنى نەلەرگە تاشلىۋەتتىڭ؟
خۇشخۇيلۇقنى دەرھاللا باشلىۋەتتىڭ .
روھىم ئۈززە تاڭ ئاتتى زەپمۇ ئاپئاق،
ئېرىپ كەتتىم، كۆزلەرنى ياشلىۋەتتىڭ .
بۇ دەملەرنى ئۇنتاي مەن قانداق قىلىپ؟
سەن يوق يەرنى قالىمەن دوزاخ بىلىپ .
تەڭدىن تولا ئۆمرۈم ئۆتتى، ئەمدى
يۈرەكلەرنى كەتمىسۇن ھىجران تىلىپ .
ئىشكىڭنى ھەر كۈنى ئاچاي قىيا،
تۇرغىن كۈلۈپ، دىلدارىم، تۇرغىن كۈلۈپ .

*          *

ھەرنە سۆز ئەگىشۇر كەينىمدىن،
ئازماستىن كېلىمەن ئەينىمدىن .
ھەر نېمە دېيىشسۇن خالايىق ،
كۆكلەملەر ياغدۇ پەيلىمدىن .
تىلسىمۇ نەشتەرلەر يۈرەكنى،
كەتمەيدۇ كەۋسەرلەر لەيلىمدىن .
ئاشىقمەن، دوستلىرىم، سىلەرگە،
جەننەتلەر تۆكۈلەر مەيلىمدىن .
لاي ئاقماس ھەرگىزمۇ نەھرىمدىن،
نۇر كەتمەس تولۇنئاي بەھرىمدىن .
قۇياشتەك ياندۇ روھىمۇ،
چاڭ قونماس ھېچكىمگە قەھرىمدىن .

1996 ـ يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

# زېمىن قەسىدىسى

ئاپتورى: ئوسمانجان ساۋۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نېمەت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ياسىن زايىموف
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون: 0991—2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 4.875
قىستۇرما بېتى: 4
نەشرى: 2008 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىمى: 2009 - يىلى 2 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىرازى: 5001—8000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—11692—8
باھاسى: 14.00 يۈەن

[General Information]
书名=大地之颂 维吾尔文
SS号=40232594

www.uyghurkitap.com